مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سىپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

MIRAS 美拉斯 MIRAS



# ميراس

3
2007

ISSN 1004-3829
06>



مەڭلىك قۇربان فوتوسى



مۇھەمەت ئەھمەت فوتوسى





قوش ئايلىق ژۇرنال

2007 ـ يىل 3 ـ سان

(ئومۇمىي 101 ـ سان)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


«چىن تۆمۈر باتۇر» ھەققىدە قايتا ئويلىنىش...... ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە (1)

غەربتە ۋە ئۇيغۇرلاردا ئەۋلاد بوشلۇقى...................... دىلمۇرات مەھمۇت (16)

چۆچەك جىر مەدەنىيىتى............................ مەتتىمىن ئابدۇخالىق (41)

يادىچىلىق سېھىرگەرلىكى............................ غەيرەتجان ئوسمان (64)


## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا


ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ نەزەرىدىكى ۋاڭ مىڭ...... شۆھرەت مۇھەممىدى (ت) (12)


## ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك


غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە دۇنيا «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»......... ئابلىمىت مۇھەممەد يىلتىزلىق (24)


## كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەر


كۆلكە داۋانلىرى................................. ماخمۇت مۇھەممەد (29)


## كىم ئەقىللىق، كىم زېرەك


تويدۇرۇپ تۇرۇۋاتقان تويمۇغۇر تويلىرىمىز.......... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (50)






باش مۇھەررىر:
**يۈسۈپ ئىسھاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەتتىمىن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: ( 0991) 4554017
Fax: ( 0991) 4554015
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
**E-mail:** mirasuyghur @ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

**بىزنىڭ ئۇرانىمىز — مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت !**

**بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز — ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت !**

## ئادەت قېرىماس

قومۇل يۇز ئاچقۇ مەشرەپلىرىدىكى بېيت ئېيتىشىش ئەنئەنىسى... ئادالەت ئىمىن **(51)**

## ئاداش ـ ئاداش بولايلى

«ئەللەي بالام» ئويۇنى.................................. مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار **(61)**

•

## كۈلكە ـ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار.................................................. شۆھرەت تەلئەت تەرجىمىسى **(77)**

مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر قىزى، كىيىمنى دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك كىيىم لايىھىلىگۈچى **خانىش ھاپىز** لايىھىلىگەن. **يۇسۇپجان تۇرسۇن** فوتوسى

بەت ئاستىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى **مەۋجۇدەم ئابدۇخېلىل (تۈركىنسا)** تەمىنلىگەن

# 主 要 目 录

关于民间故事《轻·铁木尔勇士》的反思... 亚森·买买提 尼亚孜·提克 (1)

维吾尔文人眼里的王蒙............... 肖合来提·买买提 翻译 (12)

《摇篮曲》游戏.................. 穆罕默德 阿不力孜·布拉亚尔 (61)

哈密揭面纱麦西来甫中的毕依提(谣)传统....... 阿达来提·依明 (51)

西方人与维吾尔人的代沟................ 迪力木拉提·马合木提 (16)

Chief editor: Yusup Is'haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: HURSANAY MAMTIMIN

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملار بالىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت بالىلىرىغا قىزغىن سالام يوللايدۇ!**

**我们要抢救传统文化**

**我们要保护传统文化**

**我们要弘扬传统文化**

主编:
**玉素甫·依莎克**
副主编:
**穆合塔尔·穆罕默德**
责任编辑:
**胡尔仙阿依·买买提明**

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话:(0991)4554017
传真:(0991)4554015
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
**E-mail:** mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner: Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004-3829
PostCode: 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Fax: (0991) 4554015
Price: 5¥

# «چىن تۆمۈر باتۇر» ھەققىدە قايتا ئويلىنىش



ياسىن مۇھەممەتنىياز (تېكە)

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بىر مىللەتنىڭ يېزىقتا ئېلىنمىغان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيلىكنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدىغان يېزىق ئىجاد قىلىنغان ۋاقىت ئىلىم ساھەسىگە خېلىلا ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانىيەت پەيدا بولغان نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئىنسانلارغا مەدەنىيەت پەردىسىنى قايرىپ بەرگەن ساددا ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ قاچان مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، ئىنسان مېڭىسىنىڭ قاچانلاردا مۇشۇنداق مۆجىزىۋى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنى، توغرىسىنى دېگەندە فانتازىيە ۋە سىمۋولنىڭ قاچان، قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىشكە قادىر ئەمەسمىز. دېمەكچىمىزكى، يېزىق پەيدا بولغان ۋە يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تارىخ ئەمەلىي تارىخنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىدۇر. ئەمەلدە ئىنسانلار ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ تارىخىنى كېيىنكىلەر خاتىرىلىگەندەك ئىلمىي يوسۇندا ئەمەس بەلكى، قويۇق بەدىئىي تۈس ئالغان فانتازىيىلىك ۋە سىمۋوللۇق تۈس ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشقان ۋە شۇنىڭغا قادىر بولغان. بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئاشۇ يېزىقتىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تارىخىنى چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز، خەلقنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر قىسمى بولغان ئەپسانىلەرگە ۋە ئەپسانىلەرنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان سېھرىي چۆچەكلەرگە تايانماي تۇرالمايمىز.

سېھرىي چۆچەكلەردىكى مەركەزلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولغان سىمۋولىزملىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى دەل مەسىلىنىڭ نېگىزىدۇر. ئەجدادلار ئاشۇ يىراق دەۋرلەردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ھادىسىلەرنى گۈزەل ئەپسانىۋى ئامىللار ئارقىلىق خاتىرىلىگەن ۋە شۇ دەۋر كىشىلىرىگىلا چۈشىنىشلىك بولغان سىمۋوللۇق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ساددا چۈشەنچىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇڭلاشقا ئەپسانىلەر ۋە سېھرىي چۆچەكلەردىكى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ـ دېتاللارنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئېچىش قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھالىتى، ئىدىيىسى، تۇرمۇش شەكلى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى بېسىشقا تېگىشلىك مۇھىم يول. ئەمما، تەتقىقات مېتودىمىزدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەر تۈپەيلى سېھرىلىك چۆچەكلەردىكى سىمۋولىزم ھەققىدىكى تەتقىقات تازا چوڭقۇرلىشىپ كېتەلمىدى.

تەتقىقاتچىلار نۇقتىلىق هالدا چۆچەكلەرنى تۈرگە ئايرىش
ۋە مەزمۇن جەھەتتىن قېدىرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ قە-
دىمكى كىشىلەر قالدۇرغان سىمۋولنىڭ مەنىسىنى يېشىش-
تىن ئىبارەت يارقىن نۇقتىغا دىققەت قىلىپ كېتەلمىدى. بۇ
ھەقتىكى خىزمەتلىرىمىزنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى تە-
كىتلەپ ئاتاقلىق فولكلور ئالىمى ئاللان داندىس مۇنداق
دەيدۇ: «فولكلورشۇناسلىقنىڭ 200 يىللىق تەرەققىياتىدا،
فولكلور ئالىملىرى ئىزچىل تۈردە فولكلورنىڭ سىمۋول-
لۇق مەنىسىگە سەل قاراپ كەلدى» ① . بولۇپمۇ ئىپتى-
دائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەيدا بولغان
سېھىرلىك چۆچەكلەردە ئىپتىدائىي ئۆرپ - ئادەت ۋە ئې-
تىقاد ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى سىمۋول-
لۇق ئوبرازلار ئىنتايىن مۇھىم تەتقىق قىلىش قىممىتىگە
ئىگە. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى دەل شۇنداق قىم-
مەتلىك چۆچەكلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتايىن
يىراق بىر دەۋردە ئىجاد قىلغان سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ
بىرى بولۇپ، ئۇ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان خەلق ئارى-
سىدا كەڭ تارقىلىپ كەلدى. چىن تۆمۈر باتۇر ۋە مەخ-
تۇمسۇلالار كىشىلەر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان ئوب-
رازلارغا ئايلاندى. ئىلمىي نۇقتىدىن قارىغانـدا، «چىن
تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان
نۇرغۇن دېتاللار بار. بۇ دېتاللارنىڭ ھەممىسىگە خەلق-
مىزنىڭ ئەقىل - پاراستىنىڭ مەھسۇلى بولغان سىمۋول-
لۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، تەكلى-
ماكاننىڭ ئېغىر قۇملىرىغا ئوخشاش ھەقىقىـي مـەنـىـنى،
ئەسلىيلىكنى يوشۇرۇپ تۇرغان. بىز ئاشۇ سىمۋولـلـۇق
مەنىنى يەشكەن چېغىمىزدىلا بۇ چۆچەكنىڭ ئەسلىي ھال-
تىنى كۆرەلىشىمىز، شۇنداقلا شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ
مەدەنىيەت جۇملىسىگە تەۋە بولغان بىر قىسىم مەسىلە-
لەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز مۇمكىن.

1. پەرىزىنىڭ يەشمىسى

پەرىز ئەسلىدە ئىپتىدائىي دىنىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ،
ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئانىمىزىملىق چۈشەنچى-
لەرنىڭ تەسىرىدە بارلىق مەۋجۇداتلاردا روھ بـولـىـدۇ،
دەپ قاراپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا روھ مەۋجۇت دەپ قارال-
غان شۇ خىل شەيئىلەر بىلەن ئالاقىدار بولغـان مـەلـۇم
ئىشنى قىلىشتىن ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك، دەپ
ئويلىغان ۋە شۇ ئارقىلىق شۇ خىل شەيئىنىڭ ئۆزىنى جا-
زالىشىدىن قۇتۇلماقچى بولغان. نەتىجىدە پەرىـز چـۈ-
شەنچىلىرى پەيدا بولغان ۋە بىرەر قېيىنچىلىققا، پېشكەل-
لىككە يولۇقسا، ئۇنى دەل شۇ خىل پەرىزگە خىلاپلىق
قىلغانلىقتىن پەيدا بولغان دەپ قارىغان. تۇرمۇشتىكى بۇ
خىل چۈشەنچە كېيىنچە چۆچەكلەرگە كـىـرىـپ، چـۆچـەك
سۇژېتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ بېسىشقا تېگىشـلـىـك
يولىغا ئايلانغان. مۇنداقچە دېگەندە، چۆچەك ئىجاد قى-
لىشنىڭ بىر خىل رامكىسىغا ئايلانغان. نۇرغۇن تەتقىقات-
چىلار چۆچەكلەردىكى بۇ خىل پەرىز چۈشەنچىلـىـرىـنى
ھەدېگەندىلا قويۇق ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ نامايەندىسى
دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە بۇنداق دەپلا ھۆكۈم چىقارغاندا
پەرىزلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەش خاتالىقى
يۈز بېرىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىلى-
رى ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، پەرىز چۈ-
شەنچىلىرى دەسلەپتە قويۇق ئىپتىدائىي دىنىي تۈس ئال-
غان بولسا، كېيىنچە باشقىراق ئوبيېكت بولغان ئېتىقاد
چۈشەنچىسى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن چاغدا ئالدىنقى
پەرىز چۈشەنچىلىرى ئاستا - ئاستا ئۆزىنىڭ قويۇق ئىپ-
تىدائىي دىنىي تۈسىنى ئاجىزلاشتۇرغان ۋە شۇنداق بو-
لۇشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ سىمۋوللۇق تۈسىنى سـاقـلاپ
قالغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تابۇ (قورقۇم) ئىبارىسىگە
ئايلانغان. شۇنداقلا ئەۋلادلارغا غەيرىي دىنىي ئۆرپ -
ئادەت سۈپىتىدە يېتىپ كەلگەن. ئالايلى، خەلق ئارىسىدا
ھازىرغىچە «سۇغا سىيسە يامان بولىدۇ»، «كۆچـەتـنى
ياش ئۇشتۇۋەتسە، كىشى ياش ئۆلۈپ قالىدۇ» دېگەندەك
قورقۇم ئادەت چۈشەنچىلىرى بار. بۇنىڭدىن ئەجدادلار-
نىڭ تارىختا دەرەخ ۋە سۇنى ئۇلۇغلىغانلىقىنى، ھەتتا
ئۇنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتىغا ئايلانغانلىقىنى بايقاش مۇمكىن،
ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۇيغۇرلارنى ھازىر سۇ ۋە دە-
رەخكە ئېتىقاد قىلىۋاتىدۇ، دېيىشكە بولمايدۇ. شۇڭا مەن
شۇنداق دەپ قارايمەنكى، بۇ چۆچەكلەردىكى پـەرىـز
چۈشەنچىلىرىنى ھەدېگەندىلا دىنغا باغلاپ قويساق تەت-
قىقاتىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا توسقۇنلۇق ئېلىپ كېلىدۇ.

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدە چىن تۆمۈر ئۆيدىن
ئايرىلار چاغدا مەختۇمسۇلاغا «مەن ئۇۋدىن قـايـتـىـپ

كەلگىچە ئۆگزىگە چىقما، ئوتنى ئۆچۈرمە، سۈنى كۆچۈرمە، توخۇنى تاخ دېمە، مۈشۈكنى پەش دېمە، تۈتۈن چىققان ياققا قاراپ ئوت سوراپ بارما» دەپ تاپىلايدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن پەرھىز بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دەل چۆچەك سۆژىتىنى باشلاشنىڭ تۈگۈنىدۇر. مەختۇمسۇلا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولغاچقا، چۆچەك كۈچلۈك زىددىيەت ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇنداقتا بۇ پەرھىزلەردىن ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر قىسىملىرى قايسى؟

1) ئوت. قارىماققا ئوت شامان دىنىدىكى مەركەزلىك چۈشەنچە بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغا قەدەر بولغان يازما ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن بىز شامان دىنى چۈشەنچىلىرىدە «ئوتنى ئۆچۈرۈشكە بولمايدۇ ياكى ئوت بىر يانغانچە ئۆچمەي ئەبەدىي ساقلىنىش كېرەك» دېگەن قاراشنى بايقىمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپتىدائىي ئىنسانلار بۇنىڭغا قادىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا چۆچەكتىكى ئوتنى نوقۇل شامان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا تازا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئوتنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىر تەرەپتىن ئوزۇقلۇق يەنى خام گۆشنى پىشۇرۇپ يېيىشنىڭ شەرتى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ جايدا ھاياتلىق مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئامىلدۇر. ئۆيدە ئوت كۆيۈپ تۇرسا، ئاۋۇندىن تۈتۈن ئۆرلەپ تۇرسا، بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئەستايىدىل ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوت كۆيۈۋاتىدۇ دېگەنلىك دەل «بۇ يەردە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق گۆش پىشۇرۇلۇۋاتىدۇ» دېگەنلىك. «گۆشنى كىم تەق قىلىۋاتىدۇ؟» ئەلۋەتتە بىر ئەر. دېمەك، ئوت ۋە ئۇنىڭدىن چىققان ئىس بۇ جايدا بىر توپ (ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى كىشى، ئۇنىڭ بىرسى چوقۇم ئەر)نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئەمەلىيەتتە «ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويما» دېيىش ئارقىلىق بۇ ئەڭ كىچىك توپتا بىر باتۇر ئەرنىڭ بارلىقىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئەمىنلىككە ئېرىشىشنى ئويلىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۆيدە ئوت يېقىپ، موردىن ئىس چىقىرىش تىلىمىزدا ئاللىقاچان تۇراقلىق ئىبارىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئۆي تۇتماق»، «تۇرمۇشلۇق بولماق» دېگەن مەنىدىدۇر. مېنىڭچە، چىن تۆمۈر ئۆيدە ئوتنى ئۆچۈرمەسلىك ئارقىلىق باشقىلارغا يەنە بۇ ئۆينىڭ ئائىلە تۈسىنى ئالغان جاي ئىكەنلىكىنى ۋە بىر ئەرنىڭ يەنى ئايالنىڭ قوغدىغۇچىسىنىڭ (مۇنداقچە دېگەندە ئېرىنىڭ) بارلىقىنى بىلدۈرگەن.

2) پەرھىز. ئۆگزىگە چىقماسلىق (چېچىنى تالادا تارىماسلىق). چۆچەكتە مەختۇمسۇلانىڭ ئۆگزىگە چىقماسلىقىدىن ئىبارەت پەرھىز ئىبارىسى بىۋاسىتە چاچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆگزىگە چىقىپ چاچ تارىغاندىن باشلاپ پېشكەللىككە يولۇقىدۇ، يالماۋۇز ئۇنىڭ قېنىنى شورايدۇ، ئىككىنچى قېتىم ئېرىقتىكى سۇدا چېچىنى تارىغاندىن كېيىن بولسا بۇلاپ كېتىلىدۇ. شۇڭا مەن «ئۆگزىگە چىقما» دېگەن سۆز بىۋاسىتە چاچ بىلەن باغلىنىشلىق دەپ قارايمەن. مېنىڭچە بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەركىزىي مەنە دەل چاچنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك. مۇنداقچە دېگەندە «ئايال ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى باشقا ئەرلەر ئالدىدا نامايىش قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەنلىك بولسا كېرەك. كەڭ يېزىلىرىمىزدا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىۋاتقان «چاچنى كۈندىنمۇ كۈنلىمەك كېرەك»، «چاچنى كۈنگە كۆرسىتىپ تارىسا يامان بولىدۇ» دەپ قارايدىغان قورقۇم ئادەتلىرى بۇنىڭ مىسالى بولالىشى مۇمكىن.

چاچ ئۇيغۇرلاردا ئاياللارغا گۈزەللىك بېغىشلىغۇچى دەپ قارىلىدىغانلىقى ئېنىق. قىز ـ ئاياللارنىڭ چېچىغا يات جىنسلارنىڭ چېقىلىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدىغانلىقىمۇ بەرھەق (ئېرى، سۆيگىنى بۇنىڭ سىرتىدا). ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدە يىگىتلەرنىڭ قىزلارنىڭ چېچىنى يېنىدا ساقلايدىغان، قىزنىڭ چېچىغا ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇنى يىگىتكە ئاشىق قىلىدىغان ئادەتلەر بار (بۇنداق ئادەت 90 ـ يىللارغىچە بار ئىدى). قىز ـ ئايالنىڭ چېچىنى سىلاش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئېرى ياكى سۆيگىنى بولۇشى ـــ چاچنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىپپەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق قوشاقلىرىدا چاچنىڭ ئاشىقلىق سەۋداسىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى نۇرغۇن ئېسىل مىسرالار چاچ بىلەن ئىشقى مۇھەببەتنىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتە بارلىقىدىن شەكلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى تەكىتلەيدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، چاچ ئۇيغۇرلاردا مۇھەببەتنىڭ سىمۋولىدۇر. چىن تۆمۈر نېمە ئۈچۈن سىڭلىسىغا

گەپنى ئەگىتىش ئارقىلىق «چېچەكنى تالادا تارىما» دېگەن شەرتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب شۇكى، چىن تۆمۈر مەختۇمسۇلانىڭ چېچىنىڭ تارىلىشى سەۋەبلىك باشقا بىر ئەر جىنسنىڭ بۇ جايدا بىر ئايال جىنسىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قېلىشىنى خالىماسلىقىدىن ئىبارەت خاھىشىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىز چىن تۆمۈر ھەتتا مەختۇمسۇلانىڭ سىرتقا چىقىشىنى چەكلەۋاتامدۇ نېمە؟ دېگەن گۇمانغا كېلىمىز.

يۇقىرىقى ئىككى پەرھىز بىزگە چىن تۆمۈرنىڭ بىر ئۆزى ئىگە بولۇۋاتقان ئايالنى باشقىلاردىن مۇتلەق قوغداۋاتقانلىقىنى (ھەتتا كۈنلەۋاتقانلىقىنى) كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۇنداقتا بۇ ئايال ئۇنىڭ زادى نېمىسى؟ پەقەت سىڭلىسىمۇ؟ بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن پەرھىز ۋە قورقۇم (تابۇ) ھەققىدە تېخىمۇ زۆرۈر بولغان چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولماي بولمايدۇ.

پەرھىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئىپتىدائىي دىنىنىڭ قالدۇق شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن «بىر خىل ئالاھىدە سېھرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بولۇپ، بۇ خىل سېھرىي كۈچ ئىنساننىڭ ئۆزى ۋە روھى ئارقىلىق، ھەتتا بەزىدە جانسىز مەۋجۇداتلار ئارقىلىق داۋاملىشىپ كېلىدۇ» ② . بۇ خىل سېھرىي كۈچ ئىلاھىي خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بولغاچقا ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا، خىلاپلىق قىلغۇچى مەلۇم جازاغا ئۇچرايدۇ.

قورقۇم ئادەتلىرى (تابۇ) بولسا پەرھىزنىڭ تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلغان، كونكرېتلاشتۇرۇلغان راۋاجىدۇر. تابۇ (塔布·taboo) دېگەن بۇ سۆز پولىنېزىيە تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ دىئالېكتىكىلىق بىرلىككە ئىگە بولغان ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. «بىر تەرەپتىن، ئۇ ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىلاھلاشتۇرۇلغان بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ سىرلىق، خەتەرلىك ۋە چەكلەنگەن بولىدۇ» ③ . ئالدىنقىسى قورقۇم ئادەتلىرىنىڭ ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ راۋاجى ياكى تۇرمۇشقا سىڭىشىدىن پەيدا بولغان پەرھىزنى مەنبە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. كېيىنكىسى پەرھىزنىڭ تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي قوللىنىش سەۋەبىنى ياكى ئىنسانلارنىڭ ئۇنى كونكرېتلاشتۇرۇشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«قورقۇم ئادەتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان مەقسىتى ئىنتايىن كۆپ، ئۇنىڭ بىۋاسىتە مەقسىتى: a . ھەر خىل ئېتىقاد باشلامچىلىرىنى خەتەردىن ساقلاش؛ b . ئاياللارنى، بالىلارنى ۋە ئاۋام ئارىسىدىكى ئاجىزلارنى ھەر خىل ئېتىقاد كۈچلىرىنىڭ سېھرىي زىيانكەشلىكىدىن ساقلاش؛ c. ئۆلۈك ياكى يېيىش مەنئى قىلىنغان (پېشكەللىك ئېلىپ كېلىدىغان ـ ئا) يېمەكلىكلەرگە يېقىنلىشىشتىن پەيدا بولغان خەتەردىن ساقلاش؛ d . تۇرمۇشتىكى مۇھىم مۇراسىم ـ پائالىيەتلەرنىڭ، مەسىلەن، تۇغۇم، بالاغەت مۇراسىمى، توي، جىنسىيەتنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش...» ④ .

قورقۇم ئادەتلىرىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنى بىرلەشتۈرگەن چېغىمىزدا b ۋە d ئالاھىدىلىكى دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەردۇر. مېنىڭچە، چىن تۆمۈر باتۇر بۇ پەرھىز چۈشەنچىلىرى ئارقىلىق مەختۇمسۇلانى سېھرىي كۈچ ئىگىلىرى دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن، بولۇپمۇ ئۇنى ئۇلارنىڭ جىنسىي زورلۇقىدىن ساقلاش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان بولسا كېرەك. مېنىڭچە، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭى ۋە تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلاردا مەلۇم شەرتلەر ئارقىلىق ئۆزىگە كېلىۋاتقان پېشكەللىك ۋە خەتەردىن قۇتۇلۇش ئېڭى بولغان. بولۇپمۇ، توپ نىكاھ تۈزۈمى يوقىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن قورقۇم ئادەتلىرى ئائىلىنىڭ بىخەتەرلىكىنى، جىنسىيەتنىڭ خاس بىر كىشىگە مەنسۇپلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان، ئائىلىدىكى ئاجىزلارنى قوغدايدىغان مۇھىم تەرتىپكە ئايلانغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، چىن تۆمۈر مەختۇمسۇلاغا بۇ پەرھىزلەرنى (بولۇپمۇ ئالدىنقى ئىككى پەرھىزنى) ئېيتىش ئارقىلىق مەختۇمسۇلانى باشقا يات جىنسنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلىماقچى بولغان.

3) پەرھىز (توخۇنى تاخ دېمە، مۈشۈكنى پەش دېمە). مېنىڭچە، ئۇ تېپىك چۆچەك سۈژىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان سۈنئىي قورقۇم ئادىتى بولۇشى مۇمكىن.

**2. يالماۋۇزنىڭ مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شورىشى ۋە مەختۇمسۇلانىڭ بۆلۈنىشى**

مەختۇمسۇلا دەرۋەقە بارلىق پەرھىزلەرگە خىلاپلىق قىلدى. توخۇنى تاخ دېدى، مۈشۈكنى پەش دېدى، ئوتنى

ئۆچۈردى. ئالدى بىلەن ئۇ يالماۋۇزنىڭ قېنىنى شورىشىغا دۇچار بولدى، چېچىنى سۇدا يۇيدى، بۇلاپ كېتىلدى. ئەسەردە ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان مۇنداق بىر قانچە نۇقتا بار:

بىرىنچى، مەختۇمسۇلا نېمە ئۈچۈن يالماۋۇزنىڭ ئۆزىنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقىنى باشتىلا چىن تۆمۈرگە ئېيتمايدۇ؟

ئىككىنچى، مەختۇمسۇلا نېمە ئۈچۈن ئىككىلا بالىسى ئۆلگەندىن كېيىن، چىن تۆمۈرنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ؟

ئۈچىنچى، مەختۇمسۇلا بىلەن چىن تۆمۈر نېمە ئۈچۈن ھېچقانداق ئاۋام بولمىغان جايدا ئايرىم ماكان تۇتىدۇ؟

ئالدى بىلەن مەن بىرىنچى مەسىلە ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتىمەن. چۆچەكتىكى چىن تۆمۈر باتۇر ھەم كۈچ-تۇڭگۇر، قورقماس قەھرىمان بولۇشتىن باشقا ئۇ يەنە بىر مېھرىبان ئاكا ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشىنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى بولماسلىقى مۇمكىن. ئىنسانىنىڭ قانداشلىق ئېڭى بويىچە ئېيتقاندا، ئاكىنىڭ سىڭلىنى جېنىنىڭ بارىچە قوغدىشى ئەقەللىي ساۋات. ئەمما مەختۇمسۇلا تاكى چىن تۆمۈر ئۇنى قىستىمىغىچە ئۇنىڭغا «ھەقىقىي ئەھۋال»نى ئېيتمايدۇ؟ ئۇ نېمىدىن ئېھتىيات قىلىۋاتىدۇ؟ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرىدىكى ئاياللار ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ئەردىن زادى نېمىنى شۇنچە قاتتىق يوشۇرۇشى مۇمكىن؟

بۇنىڭ ئۈچۈن يالماۋۇزنىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ جىنسىنى ئېنىقلىشىمىز كېرەك.

«قان شورىغۇچى يالماۋۇز بىلەن كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى ۋەقەلىك قەدىمىي تۈركىي تىللىق مىللەتلەر فولكلورىغا ئورتاق بولغان ۋەقەلىك» ⑤ بولۇپ، يالماۋۇز سۆزىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەققىدە تۈرلۈك قىياسلار مەۋجۇت. بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنى «يالمايدىغان ئېغىز» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قارىسا، بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنى «يەل مۇڭگۇز» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. مەيلى قانداق سۆزدىن كېلىپ چىقىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئاسانلىقچە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ياۋۇز كۈچ ئىگىسى. تەتقىقاتچىلار «ھەرقايسى ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدىكى يالماۋۇز (ماڭگۇز) دەل ئادەم گۆشى يەپ، قېنىنى شورايدىغان ۋەھشىي خاراكتېرگە ئىگە» ⑥ دەپ يالماۋۇزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۈگۈنلەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ ھۆكۈمدە يالماۋۇزنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكىگە سەل قارالغان. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ قېنىنى شورايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ماھىيەتلىك تەرەپ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن يالماۋۇزنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئوراپ تۇرغان قېلىن بىر قەۋەت پەردە ئېلىۋېتىلمىگەن. بىز قان شورىغۇچى يالماۋۇز بىلەن كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى ۋەقەلىكلەرنى «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىن باشقا «رەھىمدىل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكىلار»، «كەنجى باتۇر»، «سېھىرلىك يىگىت ۋە يەتتە باشلىق يالماۋۇز» قاتارلىق چۆچەكلەردە ئۇچرىتالايمىز. بۇ چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسىدە باش قەھرىمانلار يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يالماۋۇز قىزنىڭ تاپىنىغا بىگىز سانجىپ، قېنىنى شورايدۇ. «بۇ خىل ۋەقەلىك يەنە ‹ئېيىق باتۇر›، ‹خېمىر باتۇر› قاتارلىق چۆچەكلەرنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن» ⑦ . دوكتور ئوسمان ئىسمايىل ۋە ئەسئەت سۇلايمانلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، سالا مىللىتىنىڭ «ئاتىنىڭ ئوغلى»، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۈچ باشلىق يالماۋۇز ۋە پالۋان يىگىت»، ئۆزبېكلەرنىڭ «بەدەل باتۇر»، موڭغۇللارنىڭ «قارلىغاچ باتۇر» قاتارلىق چۆچەكلىرىدىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خوتۇن - قىزلارنىڭ قېنىنى شورايدىغان ئېپىزوتلار ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۈچ باشلىق يالماۋۇز ۋە پالۋان يىگىت» ناملىق چۆچىكىدىكى ۋەقەلىك تىپىك بولۇپ، ئۇنىڭدا يېڭىدىن توي قىلغان يىگىت ئوۋغا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۈچ باشلىق يالماۋۇز يېڭى كېلىنچەكنىڭ قېنىنى شوراپ، ئۇنىڭ ھالىنى قويمايدۇ. چۆچەكلەردىكى بۇ دەلىللەر بىزدە «يالماۋۇز ئاياللىق جىنسىغا مەنسۇپ مەخلۇق»، «يالماۋۇزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قەھرىمان شەخس (ئەرلەر) تەرىپىدىن يوقىتىلىشى بىزدە بۇ دەل ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى يىمىرىلىپ، ئاياللار سەلتەنىتىنىڭ ئورنىنى ئەرلەر سەلتەنىتى ئىگىلەشكە باشلىغانلىقىدىن» ⑧ دېرەك بېرىدۇ، دېگەن ھۆكۈمگە قارىتا گۇمان قوزغايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئەڭ بولمىغاندا ئىككى مەسىلىگە جاۋاب تاپقىلى

بولمايدۇ. بىرىنچى، ئەگەر يالماۋۇز ئاياللار سەلتەنىتىگە ۋەكىللىك قىلسا ئۇنداقتا، ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈن ئاياللارنى خارلاپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى شورايدۇ؟ ئىككىنچى، ئۇ نېمە ئۈچۈن ھە دېگەندىلا ئەر قەھرىمان يوق ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىدۇ؟

بۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇلغان سىمۋوللۇق پەردىنى قايرىغان چېغىمىزدا مۇنداق ئىككى مەسىلىنى بايقاش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلا ‹ئاكا - سىڭىل› ئەڭ مۇھىمى ئەر - خوتۇندۇر. بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن تارىخ بەتلىرىنى قايتا ۋاراقلاش ۋە مورگاننىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇش كېرەك. ئىنسانلارنىڭ توپ نىكاھلىنىش تۈزۈمى پەيدىنپەي يىمىرىلىشكە باشلىغان چاغدا، ئۇ ھەم قانداشلىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ، ھەم خاس جورىلىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە ھامىلە قىلغان. دېمەكچىمىزكى، قەدىمكى ئىنسانلاردا ئىشقى مۇھەببەت ئىدىيىسى، ئاياللىق جىنسقا خاس ئىگە بولۇش ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئاستا - ئاستا توپ نىكاھلىنىش تۈزۈمى يىمىرىلگەن ۋە ھامىلىدىكى قانداشلىق نىكاھ ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا خاس جورىلىق نىكاھلىنىش تۈزۈمىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. ئەسكەرتىش ھاجەتسىزكى، بۇ چاغدىكى نىكاھلانغان ئىككى تەرەپ ئالدى بىلەن بىۋاستە قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئەر - خوتۇنلاردۇر. ئەنئەنىگە قارشى قويۇلغان ھەرقانداق يېڭىلىق قارشىلىققا ئۇچرىغاندەك، مېنىڭچە، بۇ خىل يېڭىچە نىكاھ تۈزۈمى شۇ توپنى تەشكىل قىلغۇچى ئاق سۆڭەكلەر ۋە بىر قىسىم زوراۋان كۈچلەرنىڭ ئۆزىنىڭ جىنسىي ئىستىكىنى خالىغانچە قاندۇرۇش خىيالىنى بىتچىت قىلىدىغان تۈزۈم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. نەتىجىدە بۇ خىل يېڭىچە نىكاھ تۈزۈمىدە ياشاۋاتقانلار ھەمىشە خەۋپ ئىچىدە ياشىغان. ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھېسابلىنىدىغان ھەرقايسى قەبىلىلەرمۇ بۇنداق نىكاھ تۈزۈمىنى باشتىن كەچۈرگەن. بىز قانچىلىك يىراقلىقنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان شۇنداق بىر دەۋردە ئاكا بىلەن سىڭىل ياكى ئاچا بىلەن ئىنى توي قىلىپ توپتىن ئايرىلىپ يېگانە ئۇلۇسلارنى تەشكىل قىلغان بولۇشى ۋە ئەڭ دەسلەپكى خاس جورىلىق تۈزۈم ۋە قانداشلىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ئورتاق ئابىدىسىنى تىكلىگەن بولۇشى تەبىئىي. بۇنداق تۈزۈم ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن ئۇزاق مەۋجۇت بولۇپ، ھەتتا «تەخمىنەن بۇنىڭدىن 100يىل ⑨ بۇرۇن ئامېرىكا مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى ساندۋىچ تاقىم ئاراللىرىنى ماكان تۇتقاندا يەرلىك ئاھالە ئىچىدە ئاكا - ئۇكىلار بىلەن ئىگىچە - سىڭىللار ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ تېخىچە تامامەن يوقىلىپ كەتمىگەن. مۇنداق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ قەدىمكى ئاسىيادا ئومۇميۈزلۈك ھۆكۈم سۈرگەنلىكىدە گۇمان يوق، چۈنكى ئاسىيادا ھازىرغىچە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان تورانىيچە تۇغقانچىلىق تۈزۈمى ئەنە شۇ خىل تۈزۈمنى تۇغقانچىلىق ئاساسى قىلىدۇ» ⑩ .

«بىر ئەر، بىر خوتۇنلۇق نىكاھ ياۋايىلىق باسقۇچىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇسۇلى ئىككى تەرەپ كېلىشكەن مەزگىلدىن ئېتىبارەن بىر - بىرىگە جورا بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. قەدىمكى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، تۈزۈملەرنىڭ ياخشىلىنىشى، تۈرلۈك كەشپىيات ۋە ئىختىرانىڭ يۇقىرىراق دەرىجىگە ئۆتۈشى بىلەن مۇنداق نىكاھ شەكلىدىمۇ بارا - بارا تۇراقلىق ھالەت يۈز بەردى. لېكىن، بۇ چاغدا خاس جورىلىق تۈزۈمىدىكى جەمەتنىڭ ئۆزى يالغۇزلا ئىگىلەيدىغان بىللە بولۇش ھوقۇقى ئاساسىي ئامىللىرى تېخى كەمچىل ئىدى. ياۋايىلىق باسقۇچىدىلا ئەر خوتۇننى ئۆزىدىن باشقا ئىككىنچى ئەرگە قارىماسلىققا مەجبۇرلاشقا باشلىغان، خوتۇنى ئۇنىڭغا كۆنمەي زىنا قىلىپ قويسا قاتتىق جازالىغان» ⑪ .

نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ نەزەرىيىۋى دەلىللىرى چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ مۇناسىۋىتى ۋە چۆچەكتىكى پەرھىز چۈشەنچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نېمىشقا توپتىن ئايرىلىپ يېگانە ياشاۋاتقانلىقى، مەختۇمسۇلانىڭ نېمىشقا چىن تۆمۈرگە «ھەقىقىي ئەھۋال»نى ئېيتمايدىغانلىقى ھەققىدە بىزنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. فروئىد

ئوتتۇرىغا قويغان قورقۇم ئادەتلىرى (تابۇ)نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى جىنسىيەتنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن توسقۇنلۇق قىلىنىشىنىڭ (ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈن ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ) ئالدىنى ئېلىشتۇر. شۇنداق بولغاندا چىن تۆمۈرنىڭ «ئۆگزىگە چىقما، ئوتنى ئۆچۈرمە، ئوت ئۆچۈپ قالسا، تۈتۈن چىققان ياققا ئوت سوراپ كېتىپ قالما» دېگەنلىكىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مەختۇمسۇلانىڭ سىرتقا چىقىشىنى، ھەرقانداق بىر ئەركەك جىنس بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئېيتقان سۆزىدۇر. «تۈتۈن چىققان تەرەپكە بارما» دېگىنى «ھەرقانداق بىر ئۆيگە مەن يوق چاغدا بارما» دېگىنىدۇر. مورگان «گومىر دەۋرىدىكى گرېكلەردە ئاياللار ئائىلىدە سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشمايدىغان ئورۇندا تۇراتتى، ئېرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، ئۇلاردا ھوقۇق بولمايتتى» [12] دەپ يازىدۇ. ئېھتىمال بۇ خىل ھالەت قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىمۇ كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ماقالىنىڭ باش قىسمىدا، ئۆيدىن تۈتۈن چىقىپ تۇرغانلىق بۇ جايدا بىر ئەر كىشىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، دەپ زىكرى قىلغانىدۇق. مەختۇمسۇلا بارلىق پەرھىزلەرنى بۇزغان بولغاچقا جازاغا تارتىلدى. ئەسلى قائىدە بويىچە ئۇ ئەر ئۇنىڭ ئاددىيلا قان - قېرىنداشى بولغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دەرد - ئەلىمىنى ئاكىسىغا ئېيتسا بولاتتى. ئەمما چىن تۆمۈر يەنە ئۇنىڭ ئېرى بولغاچقا، بۇ دەردنى باشقا بىر ئەرنىڭ ئۆزىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقىنى ئېيتسا ئېغىر كۈنگە قالاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بۇ ئىشنى باشتىن - ئاخىر ئاكىسىدىن سىر تۇتماقچى بولغان.

چىن تۆمۈر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ ھېچقانداق ئاۋۇن بولمىغان جايدا يەككە - يىگانە تۇرۇشى ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن ئايرىلىپ بىر ئائىلىنى تەشكىل قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان يەنە بىر دېتال. بۇ دەۋردىكى ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئايالىنى باشقىلارنىڭ خوتۇن قىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئامال بولمىغاندا توپ نىكاھلىنىش تۈزۈمىدىكى كىشىلەردىن يىراقلىشىپ تىنچلىققا ئېرىشمەكچى بولغان.

ئىككىنچىدىن، يالماۋۇز ئايال جىنس بولماستىن بەلكى ئەر جىنستۇر. ئۇنىڭ ئەر قەھرىمان (ئايالنىڭ ئېرىنىڭ) يوق ۋاقتتىن پايدىلىنىپ خوتۇن - قىزلارنىڭ قېنىنى شوراپ، ھالىنى قويماسلىقى دەل يالماۋۇزنىڭ (ياۋۇز ئەرنىڭ) ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش جەريانىدۇر.

قەدىمكى ئىنسانلار مۇۋاپىق بىر تارىخىي پەيتتە نىكاھ تۈزۈمىدە يېڭىچە نىكاھ تۈزۈمىنى يەنى باشقىلارنىڭ نىكاھ - جىنسىي ئەركىنلىكى قوغدىلىدىغان نىكاھ تۈزۈمىنى بەرپا قىلماقچى بولغان. ئەمما، بۇنداق نىكاھ قارىشى ئالدى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئالاھىدە بىر خىل كىشىلەر توپىنىڭ توسقۇنلۇقىغا بەكرەك ئۇچرىغان. بۇ كىشىلەر توپى دەل ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە قىزلىق ئىپپىتىنى بۇزۇش ئىمتىيازىغا ئىگە بولغان قەبىلە باشلىقى باشچىلىقىدىكى بىر قاتار زوراۋانلاردۇر. تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ، ئوخشاش بولمىغان دەۋردە مۇشۇنداق بىر خىل ئادەتنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. فروئىد ئۆزىنىڭ «قىزلىق پەرھىزى» ناملىق ماقالىسىدە «ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە قىزلىق ئىپپەتنى بۇزۇش مۇراسىمىنىڭ قويۇق دىنىي تۈس ئالغانلىقىنى ۋە شۇ مەيداندا مۇراسىم سۈپىتىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ يۈز بېرىدۇ»[13] غانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ياۋايىلىق دەۋرىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئەكسىچە بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمى قارىشى بۇنىڭغا قارشى ئىدى.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چۆچەكلەردىكى ئەر باش قەھرىمانلارنىڭ يوق ۋاقتىدا، يالماۋۇزلارنىڭ باستۇرۇپ كېلىپ خوتۇن - قىزلارنىڭ قېنىنى شورىشىنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئاتالمىش قىزلىق ئىپپىتىنى بۇزۇش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن (ياكى توپ نىكاھلىنىش تۈزۈمىنى قوغداش باھانىسىدا ئۆزىنىڭ جىنسىي ئىستىكىنى قاندۇرۇۋاتقان) زوراۋان كۈچلەرنىڭ ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىشى ئارقىلىق ئۇلارنى «جازالاش» مەقسىتىگە يېتىش جەريانىمۇ قانداق؟ دېگەن گۇمانغا كېلىمىز.

يالماۋۇز ھەققىدىكى گەپكە كەلگەندە سالا مىللىتىنىڭ «ئاتىنىڭ ئوغلى»، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۈچ باشلىق يالماۋۇز ۋە پالۋان يىگىت»، ئۆزبېكلەرنىڭ «بەدەل

باتۇر»، موڭغۇللارنىڭ «قارلىغاچ باتۇر» قاتارلىق چۆ-
چەكلىرىدىكى ئوخشاش ئېپىزوتقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش
كېرەك. يەنى بۇ چۆچەكلەردە يالماۋۇز ھەمىشە قـەبـىھ،
زورلۇق ۋاسىتىلەر (قىزنىڭ چېچىدىن تورۇسقا ئېسىپ
قويۇش قاتارلىقلار)دىن پايدىلىنىپ قىزنىڭ قېنىنى شو-
رايدۇ، قىزنىڭ ھالى قالمايدۇ. بەزىلىرىدە قىزنىڭ تاپىنىغا
بىگىز سانجىيدۇ. مېنىڭچە بۇ دەل ياۋۇز ئەرنىڭ (يالما-
ۋۇز)نىڭ ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلىش تەپسىلاتى بولۇپ،
بىگىزنىڭ بېشارەتلىك مەنىسى دەل ئەرلىك جىنسىي ئە-
زادۇر.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى،
سۇژېت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىنتايىن پۇختا بولۇپ ئاز-
راقمۇ يوچۇق قويۇلمىغان. ئەگەر يالماۋۇز راستتىنلا ئۇ-
نىڭ تاپىنىدىن بىگىز تىقىپ قىزدىن قان شورىسا، قىزنىڭ
چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتسە، قىزنىڭ ھەمشىرىسى-
نىڭ بۇنى بىلمەي قېلىشى مۇمكىنمۇ. قىز بىگىز سانجىلغان
جايىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئاكىسى-
دىن ئۇنۇملۇك ھالدا يوشۇرۇپ قالالايدۇ. پەقەت بىرلا
خىل مۇمكىنچىلىك يەنى قىزنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچراش
مۇمكىنچىلىكىلا چۆچەكلەردىكى بۇ خىل يوچۇقنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئىپپەت پىنھان بولغاچقا ئۇنى يو-
شۇرۇش ئىستىكى ئەلۋەتتە ئەمەلگە ئاشىدۇ. «قان شو-
راش» مېنىڭچە دەل قىزلىق ئىپپەتنى بۇزۇش بولۇشى
ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. ئەلۋەتتە ئۇ يەنە ئاياللارغا باس-
قۇنچىلىق قىلىشنىڭ بېشارەتلىك مەنىسىدۇر.

چۆچەكنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى مۇھـىم ۋەقـەلـىك
بولغان مەختۇمسۇلانىڭ بۇلاپ كېتىلىشى ۋە قېچىپ كېلىش
جەريانى بىزگە چىن تۆمۈر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ ئەر -
خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرى-
دۇ. يەنى چىن تۆمۈرنىڭ ئايالى بولمىش مەختۇمسۇلا ئې-
رىنىڭ ئالدىغا پاك پېتى بارماقچى بولىدۇ ۋە ئىككى با-
لىسى ئۆلگەندىن كېيىن «ھەي ئىنساپسىز بۇلاڭچـىـلار!
سىلەرگە نەسلىمنىمۇ قالدۇرمىدىم، ئەمدى مۇرادىم ھاسىل
بولدى» دەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ
ئالدىغا «پاك - پاكىز» بولۇپ بېرىشىدىن ئىبارەت ئالا-
ھىدە جەريان.

شۇڭا مەن يالماۋۇز ئەر جىنسىتۇر، دەپ قارايمەن.

دېمەك، چىن تۆمۈر باتۇر` چۆچىكىدىكى بۇ بىر قاتار
تەرەپلەر چىن تۆمۈرنىڭ باشقىلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى
تۇرۇپ، ئۆز ئائىلىسىنىڭ بەختەرلىكىنى، ئايالىنىڭ ئىپ-
پەت - نومۇسىنى قوغداش جەريانىدىكى باتۇرانە كۈرە-
شىنىڭ سىمۋوللاشتۇرۇلغان كارتىنىسىدۇر. تېخىمۇ چوڭ-
قۇرلىغاندا ئۇ توپ نىكاھ تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىپ بىر ئەر
بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت بەرپا قىلغۇچىلار-
نىڭ بۇ تۈزۈمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلغۇ-
چىلىرى بىلەن بولغان قانلىق كۈرەش تارىخىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئېسىل ئەسەردۇر. ئەگەر بۇ قىياسى-
مىز توغرا بولسا، بۇ چۆچەكنىڭ پەيدا بـولـغـان دەۋرى
ئىنتايىن يىراق بولىدۇ.

### 3. چۆچەكنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش جەريانى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كې-
تىشى، ئۇنىڭغا تەۋە ھەر خىل ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى
بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس سەۋەبلىرى بار. بىز ھازىر-
غىچە بولغان تەتقىقاتىمىزدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئە-
سەرلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى ئاساسەن مـەزمـۇن ۋە
شەكىل جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە چېتىشتۇرۇپ تەتقىق قى-
لىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ خىل ئۆزگىرىشنى بايقاشتا شۇ خىل
ئەسەرلەرنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرىغا تايىنىۋاتىمىز. ئەمما،
بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئېنىق پەرقلىنى-
دىغان ۋارىيانتلىرىنى تاپماق مۇشكۇل. شۇڭا بۇ ھەقتىكى
خىزمەتلەر بىرقەدەر ئۇزاق ۋە جاپالىق بولىدۇ. ئـەگـەر
«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ ئەسلىي ھالىتى بىلەن
ھازىرقىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى نوقۇل شەكىل ياكى
مەزمۇن جەھەتتىنلا ئىزدەنگەن چاغدا ماقالىنىڭ ئالدىنقى
قىسمىدا بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشـتـۇرۇش
مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

مېنىڭچە «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ ئۆزگىرىپ
كېتىشىنى مۇنداق بىر قانچە جەھەتتىن كۆرۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، توپ نىكاھلىنىش تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشى ۋە
پەيدىنپەي مۇكەممەللەشكەن ئېتىكا چۈشەنچىسى

توپ نىكاھلىنىش، قانداشلىق نىكـاھ تـۈزۈمى ئـۇ-
زۇل - كېسىل يىمىرىلىپ، مۇكەممـەل بـولـغـان خـاس

2007.3

جورىلىق تۈزۈلۈم شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئاتا ياكى ئانا بىلەن پەرزەنتنىڭ، ئاكا بىلەن سىڭىلنىڭ توي قىلىشى كەلمەسكە كەتكەن ئۆتمۈشكە ئايلانغان. بۇ خىل يېڭىچە نىكاھ تۈزۈمى ئەلۋەتتە ئۆزىگە خاس بولغان ئېتىكا چۈشەنچىلىرىنىڭ تەسىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، ئاكا بىلەن سىڭىل تىپىدىكى بۇ خىل قانداشلىق نىكاھ تۈزۈمى كېيىنچە ئاۋامنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىشقا ئايلانغان. ئەخلاق ـ مەدەنىيەتكە يات بولغان قىلمىش دەپ قارالغان.

ئەلۋەتتە، سېھرىلىك چۆچەكلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرىدىغان، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزىدىغان قەدىمىي تۈر بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزگە ھەقىقىي ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇ مەنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئومۇمىي مەدەنىيەت قاتلىمىنى ئېچىپ بېرىدىغان كۆزنەككە ئايلىنىش كېرەك. ئەمما يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئېتىكا چۈشەنچىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەجدادلار ئۇلارنى كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ روھى بىلەن سۇغىرىپ، شۇ دەۋرگە ماس بولغان ئەسەرلەرگە ئايلاندۇرغان، قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلىگەن. ئەقلىگە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارىغان قىسىملىرىنى ئىسلاھ قىلغان. بۇ ئەمەلدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ دەۋرچانلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ گەۋدىلىنىشىدۇر. شۇنداق دېمەكچىكى، «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئەسلىدە بىر تۇغقان ئاكا ـ سىڭىللار تۇرۇپ، نىكاھلاشقان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تۇرمۇشىنى چۆرىدىگەن ئاساستا، چىن تۆمۈرنىڭ باتۇرلۇقىغا ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىسى بولغان بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ ئەر ـ ئاياللىقى يوشۇرۇپ قېلىنغان. بۇ ۋەزىپىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەپسانە مەدەنىيەت دەۋرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سىمۋولىزىم ۋە كېيىنچە پەيدا بولغان سىلىقلاشتىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر روياپقا چىقارغان.

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ مۇشۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كېتىش جەريانىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «يېرىلىك تاشىم» چۆچىكىنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن. بۇ چۆچەكتە ئاق كۆڭۈل قىزچاقنىڭ ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئوغلى بىلەن قىزچاقنىڭ توينى قىلماقچى بولغاندا قىزچاق قېچىپ كېتىدۇ ۋە خىجىلچىلىقتا تاشنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالىدۇ. ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ نىكاھ تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئىملداش بولمىغان ئۆگەي پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ھادىسە. بۇ قىزچاق ئۈچۈن قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان بىر خىل نىكاھ ئادىتى. ئەمما، قىزچاق نېمە ئۈچۈن يەنە بۇ خىل نىكاھنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ؟ مېنىڭچە، چۆچەكنىڭ ئەسلىي شەكلى بۇنداق بولمىسا كېرەك: يەنى «يېرىلىك تاشىم» چۆچىكى قانداشلىق نىكاھقا بولغان قارشىلىقنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىدۇر. چۆچەكتىكى قىز ـ يىگىت ئەسلىي بىر تۇغقان ئاكا ـ سىڭىللار بولۇپ، ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىسى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نىكاھ ئادىتى بويىچە چاتماقچى بولغاندا، نارەسىدە قىز بۇنداق نىكاھقا قەتئىي قارشى تۇرغان ۋە تراگېدىيە يولىنى تاللىغان. خەلق ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ چۆچەكنى تارقىتىش جەريانىدا ئۇنى كىشىلەر قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە ئۆزگەرتكەن. نەتىجىدە ئانا ئۆگەي ئانىغا ئۆزگەرتىلگەن ۋە بۇ مەسىلە ھەل بولغان.

خۇددى «يېرىلىك تاشىم» چۆچىكىگە ئوخشاش خەلقىمىز چىن تۆمۈر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇستىلىق بىلەن يېپىپ قالغان. ئەلۋەتتە چىن تۆمۈر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ ئاكا ـ سىڭىللىق مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى يوشۇرۇش بىلەنلا مەسىلە ھەل بولمايدۇ. يەنە بىر قاتار مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ، يالماۋۇزنىڭ مەختۇمسۇلاغا باسقۇنچىلىق قىلىش جەريانىنى مۇۋاپىق بولغان بېشارەتلىك يوسۇن ئارقىلىق يوشۇرۇش ئەڭ مۇھىم باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچ چۆچەكنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

ئىككىنچى، جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئائىت بارلىق سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ چەكلىنىشى

ئىنسانلاردا توپ نىكاھلىنىش شەكلى ئەۋج ئالغان دەۋرلەر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا جىنسىي ئالاقە قىلىش توپ ئىچىدە ئەركىن بولغاچقا ئاشكارىچانلىقتا ۋە

زوراۋانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى. ئەمما، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالغا قاراپ مېڭىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا پەيدىنپەي ئەخلاق چۈشەنچىسى پەيدا بولغان. ئەلۋەتتە ئەڭ ئالدى بىلەن ئەۋرەتكە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بۇ دائىرىگە كىرگۈزۈلگەن. ئەخلاقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلىنىڭ ئەۋرەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئافرىقا قەبىلىلىرىنى بەدەن ئەزالىرىغا ھېچقانداق كىيىم كىيمىسىمۇ ئالدى بىلەن ئەۋرەتنى يېپىشقا ئەھمىيەت بەرگەن ھالدا كۆرگەنلىكىنى پاكىت قىلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسانىيەتنىڭ كىيىم مەدەنىيىتىمۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئەۋرەتنى يېپىش ئېھتىياجى بىلەن باشلانغانلىقى ھەممىگە مەلۇملۇق. شۇنداق بولغاچقا ئىنسانلار ئەۋرەتنى يېپىشتىن ئىلگىرىلا جىنسىيەتكە ئائىت سۆز - ئىبارىلەرنى سۆزلەشتىن ئەيمىنىشكە باشلىغان. دېمەكچىكى، ئۇنى ئاشكارا سورۇنلاردا ئېيتىش ئەخلاققا يات دەپ قارالغان. ھەتتا كېيىنكى مەزگىللەردە جىنسىي ئالاقىنىڭ پاكىتى بولمىش ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىنىمۇ ھەر خىل سۆزلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان. ئېھتىمال بەزى مىللەتلەر ئارىسىدىكى يارالمىش ئەپسانىلىرىنىڭ شۇنچىلىك كۆپ بولۇشى ئۇلارنىڭ پەرزەنتىنىڭ تۇغۇلۇش سەۋەبىنى يوشۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. تۇغۇم ھەققىدىكى ئەگىتمە چۈشەندۈرۈشمۇ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىمىزغا كىرىدۇ. خەنزۇ مىللىتى ئىچىدە ھازىرغا قەدەر پەرزەنتلەر ئۆزىنىڭ قانداق تۇغۇلغانلىقىنى سورىغاندا: «تاغدىن تېپىۋالغان (从山上检回来的)» دەپ چۈشەندۈرىدىغان ئادەت ساقلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇمنى بېشارەتلىك يوشۇرۇشنى «بۆكۆخان ھەققىدىكى ئەپسانە»دىن باشلاش مۇمكىن. بۇ ئەپسانىدە بۆكۆخان دەرەخنىڭ كاۋىكىدىن تۇغۇلىدۇ. دەرەخنىڭ كاۋىكى ئەمەلىيەتتە ئاياللىق جىنسىي ئەزانىڭ بېشارەتلىك ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش شەكلى ھازىرغا قەدەر داۋاملاشقان بولۇپ، كەڭ ئاۋام ئىچىدە پەرزەنتلەر ئۆزىنىڭ قانداق تۇغۇلغانلىقىنى سورىغاندا ئۇلارغا: «دەرەخنىڭ كاۋىكىدىن تېپىۋالغان»، «كىندىكىمدىن تۇغقان» دېيىش ئارقىلىق ئەۋرەتكە ئائىت بايانلاردىن ئۆزىنى تارتىدىغان ئادەت بار.

دېمەك، ئەۋرەت، توغرىسىنى دېگەندە جىنسىي ئەزاغا ئائىت سۆزلەرنىڭ ئاشكارا ئىشلىتىلمەسلىكى بىر قاتار ئېتىكا چۈشەنچىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە يالماۋۇزنىڭ مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شوراش جەريانىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مېنىڭچە، ئەجدادلار بۇ خىل چۈشەنچىلەرنى بېشارەتلىك چۈشەندۈرگەندە، ماس چۈشەندۈرۈش شەكلىنى تاللىغان. خۇددى ئاياللىق جىنسىي ئەزاغا «دەرەخنىڭ كاۋىكى»نى تاللىۋالغان بولسا، ئەرلىك جىنسىي ئەزاغا «بىگىز» دېگەندەك نەرسىلەرنى تاللاپ سىلىقلاشقا ئۇرۇنغان. چۆچەكتىكى «بىگىز سانجىپ، قان شوراش، ھالىنى قويماسلىق، چېچىنى تورۇسقا باغلاش» قاتارلىقلار دەل ياۋۇز، قارا كۈچلەرنىڭ مەختۇمسۇلاغا باسقۇنچىلىق قىلىش جەريانىنىڭ بېشارەتلىك ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر.

ئۈچىنچى، دىنىنىڭ تەسىرى

دىن كەڭ ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن باشلاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە، تۇرمۇشىغا ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تەسىر قىلىشقا باشلايدۇ. ھەتتا ئىلگىرى ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرگە كېيىنچە شۇ خىل دىنىي تۈس بېرىلىشىمۇ مۇمكىن. ئالايلى، «ئوغۇزخان» ئېپوسى ئەسلىي شامان دىنىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن قويۇق ئېپوس بولسىمۇ كېيىنچە، ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قويۇق ئىسلام دىنى تۈسى بېرىلگەن. نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەسەرلىرىمىزدە شۇ دەۋردىكى دىنىي ئىدىيىدە چەكلەنگەن تەرەپلەر بولسا، ئۇلارنى ئۇستىلىق بىلەن چىقىرىۋەتكەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى ھېسابلىنىدىغان «قۇرئان»دىكى تۆتىنچى سۈرە «سۈرە نىسا»نىڭ 22 - ، 23 - ئايەتلىرىدە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار، لېكىن، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغان بولساڭلار (ئەپۇ قىلىنىدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر. ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلمىشتۇر. بۇ يامان ئادەت. سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى،

ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلەرنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئاناڭلارنى، ئېمىلداش ھەمرىيىڭلارنى، قېيىناناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيىدە تەربىيەلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيىدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى...» ⑭ . بۇ بايانلار بىر تەرەپتىن «قۇرئان» نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى كەڭ ئاسىيا رايونىدا قانداشلىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ئىنتايىن ئەۋج ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن دىنىنىڭ قانداش نىكاھنى يوقىتىشتىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە دىنىي ئەقىدىلەردىكى بۇ خىل قاراشلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تەسىرىدىن باشقا يەنە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەسلىي ئەسەرلەردە بۇ خىل بايانلار بولسا چىقىرىۋېتىلگەن ياكى ئۇلار بېشارەتلىك ۋاستىلەر ئارقىلىق ساقلاپ قېلىنغان.

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى خەلقىمىز ياقتۇرىدىغان ئېسىل ئەسەر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەڭگىۋار ئۇسلۇبقا، ساغلام مەزمۇنغا ئىگە بولغاچقا خەلقىمىز ئۇنىڭ ئاساسىي تىندىسىيىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ئەسەردىكى قوشۇمچە تەرەپ ھېسابلىنىدىغان چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ مۇناسىۋىتى، يالماۋۇزنىڭ ئەسلىي ئەپت ـ بەشىرىسى، ئۇنىڭ قانلىق جىنايىتى قاتارلىق تەرەپلەرنى سىمۋوللۇق ۋاستىلەر ئارقىلىق بېشارەتلىك يوسۇندا ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەسەرنىڭ ئەسلىي پەيدا بولغان دەۋرى، شۇ دەۋر فولكلورىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مەسىلىلەرگە قېلىن بىر قەۋەت تور يېپىۋەتكەن. دەل ئاشۇ تەرەپلەر بىزنىڭ ئەسەرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىنى پەرەز قىلىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەگەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىمىز ئىلمىي ۋە توغرا بولغان بولسا «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توپ نىكاھلىنىش باسقۇچىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان چۆچەك بولۇپ قالىدۇ. شۇ مەنىدە ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى چۆچىكى دېيىش مۇمكىن.

«چىن تۆمۈر باتۇر» تىپىدىكى بۇنداق چۆچەكلەر ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ. ئوخشاشلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەر ئېغىزدا ئېيتىلىپ كۆڭۈلدە خاتىرىلىنىش جەريانىدا، نۇرغۇن تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن كۆچۈرۈۋىدىغانلىقى، شۇ دەۋرنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، قېنىدا يۇغۇرۇلىدىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلاردا بىز تېخى ئويلاپ يەتمىگەن نۇرغۇن مەسىلىلەر سىمۋوللۇق تۈستە بېشارەتلەنگەن بولۇشى تەبىئىي. شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە سىڭگەن سىمۋولنىڭ مەنىسىنى يېشىش—فولكلور تەتقىقاتچىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋە جاپالىق خىزمىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پايدىلانمىلار:

① ئالان داندىس: «فولكلور ئىنسانىيەت روھىنىڭ گۈزەل جۇلاسى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق 1 ـ سان.

② فروئىد (ئاۋسترىيە): «تۇتېم ۋە پەرھىز»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 30 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 27 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب 29 ـ بەت.

⑤ ئوسمان ئىسمائىل: «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 331 ـ بەت.

⑥ ، ⑧ ئەسەت سۇلايمان: «ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە يالماۋۇز ئوبرازى...»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىل 1 ـ سان.

⑦ ئوسمان ئىسمائىل: «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 332 ـ بەت.

⑨ مورگان (ئامېرىكا): «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئالغان بۇ نەقىلدىكى 100 يىل دېگەن سانىنى ئەسىرنىڭ ئالمىشىشى سەۋەبلىك ھازىر 200 يىل دەپ چۈشەنسەك توغرا بولىدۇ.

⑩ مورگان (ئامېرىكا): «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 757 ـ بەت.

⑪ ، ⑫ مورگان (ئامېرىكا): «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 764 ـ بەت.

⑬ فروئىد (ئاۋسترىيە): «ئىختىرا ئىقتىدارى ۋە ئاڭسىزلىق»، جۇڭگو نەشرىياتى 1987 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، 187 ـ بەت.

⑭ «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد سالىھ تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى، 82 ـ بەت.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىر ئاسپىرانتى. خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئەدەبىيات پەنلىرى لېكتورى.

# ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ نەزەرىدىكى ۋاڭ مېڭ

لوۋ يۈۋچېڭ



ۋاڭ مېڭنىڭ شىنجاڭ ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر بۇ ئەسەرگە قارىتا تەبىئىي ھالدا پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. مەن ھەر خىل سورۇنلاردا ئۇيغۇر دوستلارنىڭ ۋاڭ مېڭنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقان ۋە ماختاشقانلىقلىرىنى ئاڭلىدىم. تۆۋەندە بۇلارنى رەتلەپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم.

**شائىر رەخىم قاسىم** (ۋاڭ مېڭنىڭ گېپى چىقسىلا ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ): 1971 ـ يىلى ۋاڭ مېڭ ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. دائىم دېگۈدەك ۋاڭ مېڭ، مەن، خاۋ گۇەنجۇڭ (ئەدەبىي تەرجىمان) ئۈچىمىز بىرگە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشاتتۇق، بىز بىردەم ئۇيغۇرچە سۆزلەشسەك، بىردەم خەنزۇچە سۆزلىشەتتۇق. بەزىلەر بىزنى بۇ ئۈچى بەك يېقىن ئاغىنە دېيىشەتتى. چۈنكى، مېنىڭ تېگىم غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى يېزىسىدىن بولۇپ، ۋاڭ مېڭ ئەپەندى ياشىغان، ئەمگەك قىلغان باياندای يېزىسى بىلەن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ پاراڭلىرىمىزنىڭ تېمىسى ھەمىشە دېگۈدەك ئىلىدىن چەتنىمەيتتى. بىر قېتىم ئۇ مېنى ھاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ قالدى. مەن ئۇنىڭدىن بۈگۈن ھاراق ئىچكۈدەك نېمە كۈن ئىدى دەپ سورىشىمغا، ئۇ، قىزىم « 伊欢 » نىڭ (ۋاڭ مېڭ ئىلىنى ياد ئېتىپ تۇرۇش يۈزىسىدىن قىزىغا مۇشۇ ئىسمىنى قويغانىدى) تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئۇلار يادىمغا كېلىپ قالدى، دېدى. ئۇ چاغدا ۋاڭ مېڭ ئۈرۈمچىگە ئۆزى يالغۇز كەلگەن بولۇپ، ئائىلى يەنىلا ئىلىدا ئىدى. يېقىندا قىزىنى بېيجىڭغا يولغا سېلىپ قويغانىدى. ئىككىمىز بەيخۇاسۇن مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچكەچ ئىلىنى ئەسلەشتۇق. ئىلى بىزنىڭ يۇرتىمىز، بىز ياشىغان جاي، مەيلى نەگىلا بارمايلى، ئىلى بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئىدى. 1985 ـ يىلى مەن خاۋ گۇەنجۇڭ بىلەن بېيجىڭغا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا مۇكاپات ئالغىلى باردىم. ئۇ چاغدا ۋاڭ مېڭ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. بىز يەنە دىدارلاشتۇق، گېپىمىزنىڭ تېمىسى يەنىلا ئىلىدىن نېرى كەتمىدى. ئۇنىڭ ئىلى تۇپرىقىغا، ئىلى خەلقىگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دېھقان قېرىنداشلىرىغا، ئۆي ئىگىسى بوۋاي، موماىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى تولىمۇ كۈچلۈك، تولىمۇ چوڭقۇر ئىدى! ئۇ ئۆي ئىگىسى بوۋاي ـ موماي بىلەن كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك ئالتە ـ يەتتە يىل بىرگە ياشىدى. ۋاڭ مېڭ ئۇلاردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ھەر قېتىم ئىلىغا بارسا بىر مۇنچە سوۋغاتلارنى ئېلىپ ئۇلارنى يوقلايتتى. 1973 ـ يىلى ئەينى ۋاقىتتا ۋاڭ مېڭ تۇرغان ئۆينىڭ ئىگىسى مومايىنىڭ ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ تولا يىغلاپ كۆزى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدۇ. بۇ چاغدا ۋاڭ مېڭ ئىلىغا ئۆيىنى كۆچۈرگىلى كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوختۇرلارنى ئىزدەپ مومايىنىڭ ئاغرىقىنى كۆرسىتىپ، مومايىنىڭ ھالىدىن ئۆز ئانىسىدىن ئۆتە خەۋەر ئالدۇ.

ۋاڭ مېڭنىڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن نۇرغۇن ئەل ـ ئاغىنىلىرى بار ئىدى. ئۇلانبايدىكى «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىدە، ئۇ تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجىلار بىلەن دائىم دېگۈدەك ناھايىتى تېگى بار، ھېكمەتلىك گەپلەر بىلەن چاقچاقلىشىپ تۇراتتى. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، چاچلىرى تەبىئىي بۈدرە كىشى بولۇپ، لەقىمى قاپاق ئىدى. ۋاڭ مېڭ ئابدۇكېرىم خوجىغا چاقچاق قىلىپ: سىزنىڭ چاچلىرىڭىز تەبىئىي بۈدرە، نەدە قاپاققا ئوخشايسىز دېگەندە ئابدۇكېرىم خوجا: دادىڭىز سىزگە « 蒙 » (يوشۇرۇش) دەپ ئىسىم قويۇپتۇ، كىم بىلىدۇ ئىچىڭىزدە قانداق مەخپىيەتلىكلەرنى يوشۇرۇپ يۈرىيدىغانلىقىڭىزنى، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇلار ئۈچى ئاشخانىدا ئىشلەيتتى، تېيىپجان ئېلىيوف نان ياقاتتى، ئابدۇكېرىم خوجا قوي سوياتتى، ۋاڭ مېڭ قورۇما قورۇشقا مەسئۇل ئىدى. ئۈچەيلەن تولىمۇ مەخپىي كېلىشۋالغانىدى. كېيىن ئۇنىڭ نۇرغۇن دوستلىرى ئۆزى يازغان ئەسەرلىرىدە پروتوتىپقا ئايلانغانىدى. ياشلىق باھارىدىن كەتمىگەن مۇھەممەد، كۆلكىلىك ھەم بىچارە مۇھەممەد ئەمەت، «بۆركۈت جىلغىسى» دېگەن ئەسىرىدە تاغدىن ياغاچ توشۇيدىغان ئەلى ۋە تۇردى قاتارلىقلارنىڭ

ھەممىسى ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ پروتوتىپى ئىدى. ئەمما، ئۇ ئاشۇ كونكرېت ئادەملەرنى يازمىغان.

ۋاڭ مېڭنىڭ ھېكايىلىرى توغرىسىدا مەن بىر قېتىم ئۇنىڭغا: سىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ بۈيۈك يازغۇچى جۇمۇ، دېگىنىمدە ئۇ: ئۇنداقتا سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردىكى ئەڭ بۈيۈك شائىر جاڭ جىمىن ئىكەن ـ دە، چۈنكى جاڭ جىمىن ئىككىمىز شىنجاڭ ھەققىدە يازدۇق ھەم بۇلار ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى، دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ۋاڭ مېڭنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا تەسىرى ناھايىتى چوڭ، ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋاڭ مېڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ئاساسەن ئىلىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى يازدى، ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان ئىلىدىكى دېھقانلارنىڭ تىلى شۇنداق يۇمۇرلۇق، ھېكمەتلىك، ئىخچام، كۈچلۈك بولۇپ، پەقەت زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايىلىرى بىلەنلا ھۆسن تالاشالايدۇ. مەسىلەن، سەھرالىق دانىشمەن مۆمىن بوۋاي، ساراڭ ياغاچچى مالىك، ئىبىسل يىگىت ئىسمارلارنىڭ تىلى ئىنتايىن دەل جايىغا چۈشكەن، ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ خاسلىقى، مىجەز ـ خاراكتېرى، روھىي ھالىتى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق جانلىق، شۇنداق روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بىر خەنزۇ يازغۇچىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئەسەر يېزىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە بۇنداق ئالقىش، مەدھىيىلەرگە ئېرىشىپ كېتەلىشى، تېگىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىزنىڭ تىل ـ مەدەنىيىتىمىزنى بىلگەنلىكىدە، بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى چۈشەنگەنلىكىدە.

**ئوبزورچى مۇھەممەد پولات:** مېنىڭ بىلىشىمچە، ھازىرغا كەلگىچە ۋاڭ مېڭنىڭ «ئۇچراشماق بەسى مۇشكۇل» (1985 ـ يىلى)، «ئىلىدا: زەڭگەر كۆز» (1987 ـ يىلى)، «قەلبنۇر» (1990 ـ يىلى)، «توپچى چولپاننىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتلىرى» (1995 ـ يىلى) قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلىرى ئۇيغۇرچە توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى؛ ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن نەسر، ئوبزورلىرى ئۇيغۇرچە گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. خەنزۇ يازغۇچىلىرى ئىچىدە ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلىغا ئەڭ كۆپ تەرجىمە قىلىنغانلىرى لۇشۈن بىلەن ۋاڭ مېڭدۇر. لۇشۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ بۈيۈك يازغۇچى بولسا، ۋاڭ مېڭ بىزگە ئەڭ يېقىن، بىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچىدۇر. چۈنكى، بۈگۈنگە قەدەر بىز ۋاڭ مېڭغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارنى سۆيىدىغان، ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىدىغان، ئۇيغۇر تىلىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ بىلىدىغان، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنى پەرق ئېتەلەيدىغان، بىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنى، بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى ۋە بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزنى بۇنداق ئىنچىكە، بۇنداق سەمىمىي ۋە بۇنداق چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئىككىنچى بىر خەنزۇ يازغۇچىنى ئۇچراتمىدۇق.

ئۇنىڭدىن سىرت ئۇنىڭ ئەدەبىي خاتىرىلىرىدىن «سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى ئويلار»، «سوۋېت ئىتتىپاقى ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن بىر يۈرۈش چاتما زىيارەت خاتىرىلىرى 1985 ـ يىللىق «ئەدەبىي تەرجىمەلەر» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى ھەم بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئارزۇيىمىزنى قانائەتلەندۈردى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، سەمەرقەند شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولغاندا، ئۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىلىدا پاراڭلاشقان. ئاشۇ جايدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى، ئۆز مەقسىتىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادە قىلىشلىرىدىن ھەم يېقىنلىق ھېس قىلغان، ھەم ھەيران قالغان. ئۇلار جۇڭگودىن بىر ئۇيغۇر كەپتۇ، دەپ شادلانغان. ۋاڭ مېڭ ئۇ يەردىكى كىشىلەرنى كۆرۈپ خۇددى كونا تونۇشلار بىلەن كۆرۈشكەندەك ھېسسىياتتا بولغان، تېخى ئىللىق بىر قانچە كونا يۇرتداشلىرىنى تېپىۋالغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ، مەدەنىيەتلەرنىڭ ئوخشاشلىق ئىچىدىكى پەرقلىرىنى ۋە ئۆزگىچە رەڭگارەڭ جەزبىلىرىنى يېزىپ چىققان.

**شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى ئابلىمىت سادىق:** ۋاڭ مېڭنىڭ ئۇيغۇر ئاغىنىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇ ئۇلار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ يۈرەك سۆزلىرىنى قىلىشالايدۇ، قورۇنۇپ ـ تارتىنىپ ئولتۇرماي كۆڭلىدىكى چاقچاقلىرىنى دېيەلەيدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن مىللىي ئايرىمچىلىق خاھىشلىرىنى قەتئىي ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ۋاڭ مېڭ تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجىنى بەك چۈشىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكلىرىنىمۇ بىلىدۇ؛ ئۇلار ھەقىقەتەن جان ـ جىگەر دوستلاردىن ئىدى. تېيىپجان

ئېلىيوف بىلەن ئابدۇكېرىم خوجا كەينى ـ كەينىدىن تۆ ـ گەپ كېتىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى. بۇلارنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ۋاڭ مېڭ كىشىنى ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان ماقالىلەرنى يازدى، ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرىمىزمۇ بۇ ئىككى شائىرنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ نۇرغۇن مەرسىيە، ئەسلىمىلەرنى يازدى، ئەمما مېنىڭچە ۋاڭ مېڭنىڭ «تېيىپجانغا يىغلايـ مەن» دېگەن ماقالىسىدەك ئۇنىداق ۋەزنى چوڭقۇر، ئۆچمەس ماقالىلەر ئاز. بۇنىڭدىن، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئاغىنىـ لىرىگە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان ھېسسىياتىنىڭ چوـ ڭىنىشنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مەن ۋاڭ مېڭنىڭ «ئىلىدا: زەڭگەر كۆز» دېگەن ئەـ سەرلىرىنى ئوقۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، بۇ ئەسەرـ لەرنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئىچىدىكى تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭ، ۋاڭ مېڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر پېرسوناژلارنىڭ ئوبـ رازىنى ياراتقاندا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى ھەرگىز يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى. مەسىلەن، مۇھەممەدنىڭ بەزى بولمىغۇر، كۈلكىلىك، ئۆزىنىمۇ، ئۆزـ گىنىمۇ ئالدايدىغان ھەرىكەتلىرى، مۇھەممەد ئەمەتنىڭ ئەمگەكنى ياخشى كۆرمەيدىغان، سۆز ـ ھەرىكىتى قوپال قىلىقلىرى؛ مۆمىن بوۋايغا ئوخشاش كەڭ قورساق، پاراـ سەتلىك، كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان مويسىپىتلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نادانلىق، خۇراپاتلىق، بىر تەرەپلىمىلىك تەـ رەپلىرى قاتارلىقلار. ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇرلارنى يۈرىكىنىڭ تېـ گىدىن ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇ قەـ لىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلارنى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدەك، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدەك كۆرگەچكە، ئۇلارنىڭ خىلـ مۇخىل بەختسىزلىكلىرىگە ۋە خاراكتېرىدىكى ھەر خىل ئاـ جىزلىقلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ، ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن يازغان. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»ـ دىن ئىبارەت نورمالسىز شارائىت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە ۋاڭ مېڭ مىللىي مەدەنىيەتـ نىڭ ئىلغارلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى، مىللىي خاراكتېرلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە ئاجىزلىقلىرىنى بىر خەنزۇ يازغۇچىنىڭ نەزەرى بىلەن كۆزەتكەن، شۇڭا ئۇ ھەممىشە بىزدىن تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ چوڭقۇر كۆزىتەلەيدۇ. بۇ بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى تونۇپ ۋە تەرەققىي قىلـ دۇرۇپ، مىللىي ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشتە پايدىسى باركى، ھېچقانداق زىيىنى يوق.

**«شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى غەيرەت ئابدۇللا:** 1985 ـ يىلى مەن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ۋاڭ مېڭنىڭ «ئىلىدا: زەڭگەر كۆز» دېگەن بىر يۈرۈش چاتما ھېكاـ يىلىرىنى تەرجىمە قىلغانىدىم، ۋاڭ مېڭ ئۆز قولى بىلەن ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەنىدى. بۇ كىتاب شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ۋاڭ مېڭنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئاـ رىسىدىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى. تۇنجى نەشرى 5000 نۇسخا بېسىلىپ، ناھايىتى تېز سېتىلىپ تۈگەپ كەتتى، ھازىر تاپقىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى خەنزۇ يازغۇـ چىلار مىللىيلارنىڭ تۇرمۇش تېمىلىرىنى يازغاندا، تەرجەـ مىگە، خام ماتېرىيالغا، رومانتىكىغا، ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلىكلەرگە تايىناتتى؛ ئەمما ۋاڭ مېڭ ئۇلارغا ئوخشىـ مايدۇ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى بىلىپلا قالماي، ئۇزاق مەزگىل ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرگەن، يەنە ئۇنىڭ كۆزىتىشلىرى تولىمۇ ئىنچىكە، زىل بولۇپ ئەسەرلىرىدە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى كۆرۈنۈش، تەپسىلات، دىئالوگلارنى ئىپادىلەش ئارقىلىق تاشقى جەھەتتىن ئىچكى قىسمىغا، يۈزەلىكتىن چوڭقۇرلۇققا ئۆتۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرى ۋە روھىي دۇنياسىنى، تۇرمۇش يوسۇنلىرى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقاد، تەپەككۇر شەكلى ھەم ئۆزگىچە تىل بىلەن مەقسەتلىرىنى ئىپادىلەش ئۇـ سۇللىرىنى توغرا، ھەقىقىي جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى سەزمىگەن نەرسىلەرنى سېزىپ، ئۆزىمىز ھېس قىلالمىغان قىممەتلىك نەرسىلەرنى قېزىپ چىقتى. مەسىلەن، بىزگە نىسبەتەن ھەر كۈنى نان بىلەن ئەتكەن چاي ئىچىش ھېچقانچە يېڭىلىق ئەمەس، بىراق ۋاڭ مېڭ ئۆي ئىگىسى مومايىنىڭ ئەتكەن چايىنى قانداق ئېتىدىغانلىقىنى، ۋاڭ مېڭغا زاغرا ناننى ئۇۋۇتۇپ چايغا چىلاپ يېيىشنى ئۆـ گەتكەنلىكلىرىنى، مومايىنىڭ قوشنىسى بىلەن دەرەخ ساـ يىسىدا ئولتۇرۇپ «كۈنلەرنى چاي ئىچىش بىلەن ئۆتكۈـ زىدىغان»لىقىنى، ئەتكەن چاي ئىچىمسە بېشى ئاغرىيدىـ غانلىقلىرىنى تولىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ يېزىپ چىققان. يەنە ئالايلۇق، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىگە ماۋجۇشىنىڭ رەسىملىرىنى ئاسىدۇ، ئۇلار بۇنى ناھايىتى سەنئەتلىك ئاسىدۇ. بەزىلەر تېخى ماۋجۇشىنىڭ

رامكىغا ئېلىنغان رەسىملىرىنى رەت ـ رېتى بىلەن ئاسىدۇ، بۇ قارىماققا ھەم تەنتەنىلىك، ھەم چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، ۋاڭ مېڭ بۇنى بۇ دېگەن ھەم سىياسىي، ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىكنى سۆيىدىغان پسىخىكا ئىپادىسى دەيدۇ. يەنە مەسىلەن، مۆمىن بوۋاي جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇغقان يوقلىغىلى بېرىشنىڭ ئالدىدا، پۈتۈن كەنتتىكىلەر ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپ نەزىر ئۆتكۈزۈپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئادەتتىكى ئىشلارغا ۋاڭ مېڭ ئاجايىپ تۈس بېرىپ، ئۇنى ئۆزگىچە ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان.

ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، ۋاڭ مېڭ باياندىن (ئەسەرلىرىدىكى موللا يۈزى يېزىسى) يېزىسىنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى يۇرتى، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنى ئۆزىنىڭ يۇرتدىشى دەپ قارىغان، شۇنداق بولغاچقا ئۇيغۇر دېھقانلارمۇ ئۇنى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن دەپ قوينىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن دېيىشمەيدىغان گەپلىرى قالمىغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بەزى خەنزۇلار ئۇنىڭدىن چەك ـ چېگرىنى ئايرىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغاندا، ئەكسىچە ئۇيغۇرلار ئۇنى خۇددى ئۇرۇق ـ تۇغقىنىدەك ئۆز كۆرگەن، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن. دېھقانلار ۋاڭ مېڭنى ئېتىز بېشىدا ياكى يوللاردا ئۇچراتقىنىدا يېنىغا تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن موخۇركا يۆگەپ چېكىشكەن، ھاراق ئىچىشكەن. كېيىن ۋاڭ مېڭ مەدەنىيەت مىنىستىرى بولىدۇ. نېمە يەيمەن، نېمە ئىچىمەن دېسە ھەممە تەل بولىدۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ھەر كۈنى ئەتكەن چاي ئىچىش ئادىتىنى تاشلىمايدۇ، ئۆي ئىگىسى ئايىمخان ومايىنىڭ ئېتىپ بەرگەن ئەتكەن چايلىرىنى قاتتىق سېغىنىدۇ.

**شائىر ئوسمانجان ساۋۇت:** ۋاڭ مېڭنىڭ تاپالىغانلىكى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئوقۇدۇم. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇسا ئادەم تىل جەھەتتىلا ئەمەس، قەلب جەھەتتىمۇ ئورتاقلاشقىلى بولىدۇ. ئەسەرلىرىدىن ھېچقانداق مىللىي ئايرىمچىلىق خاھىشلىرىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، خۇددى كونا دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتقاندەك بىر خىل ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدۇ.

ۋاڭ مېڭ مېنىڭ قەلبىمدە تولىمۇ بۈيۈك يازغۇچى، مەن ھەر دائىم ئۇنى روسىيىلىك يازغۇچى لېۋ.تولستوي بىلەن سېلىشتۇرىمەن. گەرچە ئۇلارنىڭ ياشىغان دەۋر، مۇھىتى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئوخشىمىسىمۇ، بىراق بۇ ئىككىسى بۈيۈك مۇھەببەت بىلەن، بىر چوڭ مىللەتنىڭ كىچىك مىللەتنى يۆكسەك دەرىجىدە چۈشىنىشنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ھەقىقىي باراۋەر پوزىتسىيە بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پېرسوناژلارنى سۈرەتلەپ يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللىي كەمسىتىش خاھىشلىرى قەتئىي يوق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ باشقا بىر مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئېزگۈ گۈزەللىكلەرنى، ھەتتا ئۆزىمىزمۇ ھېس قىلالمىغان، چېلىقتۇرالمىغان نەرسىلەرنى قېزىپ چىقىپ نامايان قىلغان. شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇسام ئاجايىپ ھاياجانلىنىپ كېتىمەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىدۇ.

ۋاڭ مېڭنىڭ خاتا ھالدا ئوڭچىل بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ بەختسىزلىكى، ئەمما بۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن بىر چوڭ ئامەت؛ ناۋادا ئۇ ئوڭچىل ئاتالمىغان بولسا، ئۇ شىنجاڭغا كەلمىگەن بولاتتى، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنەلمىگەن بولاتتى، بىزمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا يازغان شۇنچە كۆپ، تەسىرلىك، يېقىشلىق، ئېسىل ئەسەرلىرىنى ئوقۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمايتتۇق.

مەن ئۇنىڭ «شىنجاڭ ناخشىلىرى» (ئىككى پارچە) دېگەن نەسرلىرىنى تەرجىمە قىلدىم، بۇ نەسرلىرى ئاجايىپ ئېسىل بولۇپ، شېئىرىي ھېكمەتلەر بىلەن تويۇنغاندى. ۋاڭ مېڭنىڭ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى شۇنچە ياخشى كۆرۈشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ ئالالىشى ھەقىقەتەن ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن ئۇيغۇر روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىكى چۇقانلىرىنى ئاڭلاپ يېتەلىگەن. ئۇ مەن تاكى بۈگۈنگە قەدەر «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن ناخشىنى ئۆگىنەلمىدىم دەيدۇ. ئەمما ئۇ ئاشۇ تونۇش مېلودىيىنى ئاڭلىسىلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ كېتىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، مەنمۇ ئۇنىڭ نەسرلىرىنى تەرجىمە قىلىۋېتىپ بۇ يەرگە كەلگەندە يىغلاپ كەتتىم، مەنمۇ ئۇنىڭ نەسرلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ تەرجىمە قىلدىم.

---

ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆتكەن يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىشكى ئېتىلمەيدىغان ھويلا» دېگەن بىرلەشمە توپلامدىن **شۆھرەت مۇھەممەدى** تەرجىمىسى

تەرجىمان: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى تەرجىمە ئىشخانىسىدا.



# غەربتە ۋە ئۇيغۇرلاردا ئەۋلاد بوشلۇقى

دىلمۇرات مەھمۇت

«ئەۋلاد بوشلۇقى» (Generation GaP) دېگەن ئاتالغۇ غەربتە 20 ـ ئەسرنىڭ 60 ـ يىللىرى مودا بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، دەسلەپتە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى كۆپ بالىلىق بولغۇچىلار (Baby Boomers) بىلەن ئۇلارنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى ئاتا ـ ئانىلىرى ئارىسىدىكى زور پەرق ۋە زىددىيەتلەرنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلغان. بۇ خىل پەرق ۋە زىددىيەتلەر دۇنيا، ھايات ۋە قىممەت قاراشلىرىدا ئىپادىلەنگەندى. گەرچە ئەۋلادلار ئارىسىدىكى پەرقلەر تارىختىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى ئەۋلاد ئارىسىدىكى بوشلۇق ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بولۇپمۇ، سىياسىي پوزىتسىيە، مۇزىكىدىن زوقلىنىش، مودىغا ئەگەشىش، زەھەرلىك چېكىملىككە بولغان خاھىش قاتارلىق تەرەپلەردە كونكرېت ۋە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن ئىككى ئەۋلاد ئارىسىدىكى بۇ بوشلۇق نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناسلار ۋە مەدەنىيەتشۇناسلارنىڭ دىققەت ۋە مۇلاھىزە ئوبيېكتىغا ئايلانغان. بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچىدا « 代沟 »دەپ ئېلىنغان بولۇپ، قارىماققا ناھايىتى ئوبرازلىق بىلىنىدۇ. «gap» دېگەن سۆزنىڭ بىۋاستە مەنىسى «يېرىق»، «ئاراچ»، «ئۈزۈلۈش»، «بوشلۇق»، «پەرق» ۋەھاكازالار بولۇپ، ئىككى ئەۋلاد ئارىسىدىكى ئۈزۈلۈشنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئاتالغۇ تېخى قېلىپلاشقىنى يوق، شۇڭا ھازىرچە «ئەۋلاد بوشلۇقى» دەپ ئىپادىلەپ تۇردۇق.

ئەۋلاد بوشلۇقى مەسىلىسى ھەممە دەۋرنىڭ ئورتاق مەسىلىسىدۇر. بىر جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى قانچە تېز بولسا، بۇ مەسىلىمۇ شۇنچە ئېغىرلىشىدۇ. ئەۋلادلار ئارىسىدىكى ئۈزۈلۈشلەرمۇ شۇنچە كۆپىيىدۇ. بۇ خىل ھادىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە شەكلى يەنە شۇ جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەرگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا بۇنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئايرىپ تەھلىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس مارگارېت مىد ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت ۋە مەجبۇرىيەت، 70 ـ يىللاردىكى ھەرقايسى ئەۋلادلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەھلىل» دېگەن ئەسىرىدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلىشىشى ياكى ياپونىيىگە ئاتوم بومبىسىنىڭ تاشلىنىشىنى دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ زور ئەۋلاد بوشلۇقى پاسىلى قىلىپ بېكىتىدۇ. دەرۋەقە، ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىشى كىشىلەرنىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا بولغان

قارىشنى تۈپتىن ئۆزگەرتۋەتتى. دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ يەر شارىنى نەچچە قېتىم تۈپتۈز قىلىۋېتەلەيدىغان يادرو قوراللارغا ئىگە بولۇشى ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا بولغان گۇمانى ۋە ئەنسىزلىكلىرىنى نەچچە ھەسسە قاتلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىپ كەلگەن ئۇچۇر تېخنىكىسىدىكى زور ئىنقىلابلار 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى پۈتكۈل دۇنيانى ئۆزئارا ئالاقە، ئۇچىدىكى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇردى. دېمەك، ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە دۇنيانى ئۇرۇش ئاپىتىدىن ساقلاش ئەنسىزلىكلىرى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئەۋلادلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ چىققان ئىدى. مارگارىت مىد مۇخبىرنىڭ «بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق چوڭ دەۋر بوشلۇقى شەكىللىنەرمۇ؟» دېگەن سوئالىغا: «ناۋادا بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئاي شارىدا ئولتۇراق زېمىن ئاچالىسا، ئۇ يەردە تۇغۇلغان بالىلار يەر شارىنى كۆرۈپ باقمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم بىر ئاپەت يەر شارىنى ۋەيران قىلىۋېتىپ، بۇ بالىلار يەر شارىنىڭ ئۆتمۈشتىكى مەنزىرىلىرىنى كۆرەلمەي قالسا، ئۇ چاغدا يەر شارىدا تۇغۇلغان بالىلار بىلەن ئاي شارىدا تۇغۇلغان بالىلار ئارىسىدا مۇشۇنچىلىك زور ئەۋلاد بوشلۇقى پەيدا بولىدۇ» ① دەپ جاۋاپ بەردى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ جاۋابى سەل مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە تىنچلىققا بولغان تارىختا كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى تەشنالىقنىڭ غەربتە قانچىلىك زور بىر ئىجتىمائىي ھادىسىنى پەيدا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس.

1960 ـ يىللاردىكى ئامېرىكىدا ياشلار ئارىسىدا مودا بولغان روك ناخشىلىرىغا قېرىلار قاتتىق ئۆچ ئىدى. ئاتا ـ ئانىلار ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغان ئوغۇللىرىنى جەمئىيەت يوسۇنلىرىغا قارشى چىققانلىق دەپ قاتتىق ئەيىبلەيتتى. ئالىي مەكتەپلەردە ۋېيتنام ئۇرۇشىغا قارشى نامايىشلار ئەۋج ئالدى. بۇ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى سەل ئىلگىرى مەملىكەت مىقياسىدا ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك قوللاش بىلەن روشەن قارشى سېلىشتۇرما بولۇپ قالدى. ئەنئەنىۋى جىنسىيەتكە ئائىت يوسۇنلار جىنسىيەت ئىنقىلابىنىڭ زەربىسى ئاستىدا سۇسلىشىشقا قاراپ يۈز تۇتتى.

زەھەرلىك چېكىملىكلەر ياشلار ئارىسىدا يامرىدى. نۇرغۇن ياشلار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە قارشى ئېقىملارغا ئەگەشتى. گەرچە بۇ پاكىتلار ھەممە ياشقا ماس كەلمىسىمۇ، بۇلار جەمئىيەتتە غايەت زور سۈركىلىش پەيدا قىلىشقا يېتىپ ئاشاتتى.

تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرىدە كۆرۈلگەن يۇقىرىقى غايەت زور ئەۋلاد بوشلۇقىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى ۋارىيانتى ۋاقىت جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى پاسىل قىلىش ئەمەلىيەتتە ئاساسەن غەرب دۆلەتلىرىگە ماس كېلىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە نەچچە ئون يىلدىن كېيىن ئاندىن غەربتىكىدەك زور دەرىجىدىكى ئەۋلاد بوشلۇقى شەكىللىنىشكە باشلىدى، دېيىشكە بولىدۇ. 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ غەرب مۇستەملىكىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىپ، تېخنىكا جەھەتتە تېز يۈكسىلىشى نەتىجىسىدە ئۇلاردىمۇ غەرب دۇنياسى نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا باشتىن كەچۈرگەنگە ئوخشاش ئەھۋاللار ئاندىن كۆرۈلدى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق ۋارىيانتىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى. ئۇچۇر ـ ئالاقە تېخنىكىسى يېڭى ئەۋلادلارنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشىگە يول ئاچقان بولسا، تىنچ ـ ئاسايىشلىق تۇرمۇش ئۇلارنى قېرىلارنىڭ جاپالىق، ئاپەتلىك ئۆتمۈشىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. غەرب دۇنياسىدىمۇ دەل شۇنداق ھادىسە يۈز بەرگەن. مەسىلەن، ئامېرىكىدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن چوڭ بولغانلار بىكار ۋاقىتلىرىنى بازارلاردا، دېڭىز ياقىلىرىدا ئۆتكۈزەلەيدىغان بولدى، لېكىن ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي كرىزىسنى قانداق باشتىن كەچۈرگەنلىرى ھەققىدە ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. چوڭلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ياشلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالىغان ئىشلار قاتارىدا يوق ئىدى. جۇڭگودىكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋال مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن چوڭ بولغانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئارىسىدا كۆرۈلدى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەھۋال 90 ـ يىللارغا كەلگەندە تېخىمۇ روشەنلەشتى.

سىياسەتنىڭ زور دەرىجىدە ئۆزگىرىشى، ئىلغار ئالاقە ـ ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ يېتىپ كىرىشى، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ خەلق ئارىسىدا تېزدىن ئومۇملىشىشى بىلەن يېڭىلىققا مايىل ياشلار بىلەن قېرىلار ئارىسىدا ئىلگىرى ھېچبىر دەۋردە مەيدانغا كەلمىگەن زور زىددىيەت ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن، ياشلارنىڭ كەڭ پۇچقاقلىق شىملارنى كىيىشى، يىگىتلەرنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇشى، قىزلارنىڭ چاچلىرىنى كېسىشى، بۇدرە قىلىشى، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلارنى كىيىشى دەل غەربتىكى ياشلارنىڭ ئەينەن قىلىقلىرىنى ئەسلەتتى. چوڭلار بولسا بۇلارنى ياقتۇرمىدى. ياشلار چوڭلارنى قاتمال، مۇتەئەسسىپ، ۋاقتى ئۆتكەنلەر دەيدىغان بولدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى جاپالىق ۋە ئېچىنىشلىق تارىخقا ياشلار بارا ـ بارا قىزىقمايدىغان، ئۇ ھەقتە كوچىلاپ سوراپمۇ يۈرمەيدىغان، ھەتتا چوڭلار بۇ ھەقتە گەپ ئاچسا خۇشياقمايدىغان بولدى. بۇنى جوڭگو رېئاللىقىدىكى بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال دېيىشكە بولىدۇ.

مارگارېت مىد ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى بۇرۇنقىلارغا تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەت (Post- figurative Culture 前喻文化)، تەڭ تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەت (Co- figurative Culture 并喻文化) ۋە كېيىنكىلەرگە تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەت (Pre- figurative Culture 后喻文化) دەپ ئۈچكە ئايرىيدۇ. بۇرۇنقىلارغا تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەت، يەنى «قېرىلار مەدەنىيىتى» ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تارىخىدىن تارتىپ يېقىنقى دەۋرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ئۇ دەۋرلەردە ياشلار چوڭلاردىن ئۆگىنەتتى. تەڭ تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەت دەۋرىدە ياشلار بىلەن چوڭلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنەتتى. كېيىنكىلەرگە تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەتتە بولسا، ئەكسىچە چوڭلار ياشلاردىن ئۆگىنىدىغان بولىدۇ. قەدىمدە جەمئىيەت ياكى تېخنىكا تەرەققىياتى بەكمۇ ئاستا بولغاچقا، بۇرۇنقىلار توپلىغان ھايات تەجرىبىلىرى كېيىنكىلەرنىڭ قىبلىنامىسى ئىدى. دېمەك، بۇرۇنقىلار كېيىنكىلەرنىڭ ئۈلگىسى ياكى كەلگۈسىنىڭ ۋەكىللىرى، كېيىنكىلەرنىڭ تۇرمۇشى بولسا پەقەت بۇرۇنقىلار تۇرمۇشىنىڭ داۋامى ياكى تەقلىدى ئىدى. شۇڭا يېڭىلا تۇغۇلغان بىر بوۋاقنىڭ كەلگۈسى بىلەن ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۆتمۈشى ئارىسىدا ئالاھىدە پەرق مەۋجۇت بولمايتتى. بالا ئاتىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلىشقا نېسىپ بولمىغان ئىشلىرىنى قىلاتتى. ئاتا كەسپى بالىغا قالاتتى. مانا بۇ ئاشۇ خىل مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئەڭ تېپىك ئالاھىدىلىكىدۇر. تەڭ تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەت دەۋرى بۇرۇنقىلارغا تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەتنىڭ خارابىسى ئۈستىگە قۇرۇلدى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن چوڭلار ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشتا ئۇستازلىق ئورنىدىن ئايرىلىشقا باشلىدى. كۆچمەن تۇرمۇش يەنە بىر سەۋەب، بۇ جەرياندا چوڭلار كېيىنكىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى مىراس قالدۇرۇش ھوقۇقىدىنمۇ ئاستا ـ ئاستا قالدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان يەرلىكلەر باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى. دىنىي ئېتىقادلارنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ چوڭلارنىڭ غايەت زور دەرىجىدە ئىنكار قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سىياسىي داھىيلارمۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ياشلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئارقىلىق ئۆز غەلىبىسىگە ئاساس ياراتتى. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ مەدەنىيەتتىكى «ھاكىممۇتلەقلىق» ئورنى ئاستا ـ ئاستا تەۋرىنىپ، چوڭلار ياشلارغا باقىدىغان، ياشلارمۇ ھەم چوڭلارغا باقىدىغان ۋەزىيەت بارا ـ بارا ئاشكارىلاندى. مانا بۇ بۈگۈنكى يەرشارىلىشىش ئېقىمىدا پۈتكۈل دۇنيا ئاللىبۇرۇن يۈزلەنگەن خاھىش. كېيىنكىلەرگە تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەت، يەنى «ياشلار مەدەنىيىتى» ئىلگىرىكى بۇرۇنقىلارغا تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەتكە قارشى ئىدى. ئۇنىڭدا ياشلار يېڭى پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى چوڭلارغا ئۆگىتەتتى. شۇڭا زامانىۋىلىشىشنى بۇ باسقۇچنىڭ ئەڭ تۈپكى يىلتىزى دېيىش مۇمكىن. ئەگەر بۇرۇنقىلارغا تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەت ئىچىدە ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ ئوبيېكتى ياشلار ئىدى دېسەك، ئۇ ھالدا كېيىنكىلەرگە تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەت ئىچىدە بۇ «تەتۈر ئىجتىمائىيلىشىش» ھادىسىسى بولۇپ چىقتى. يەنى، بۇرۇنقى مەدەنىيەتتە قېرىلار كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلغان بولسا، كېيىنكىسىدە ياشلار كەلگۈسىنىڭ ھەقىقىي «ئىگىلىرى»گە ئايلاندى. بولۇپمۇ،

زامانىۋىلىشىش جەريانىدا جەمئىيەتنىڭ رولى خارابلىشىشقا يۈزلەندى، يېڭى ئەۋلادلارنى جەمئىيەتكە لايىقلاشتۇرۇش يالغۇز ئائىلىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئائىلە، مائارىپ، خىزمەت مۇھىتى ۋە يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇچۇر ـ ئالاقە قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستىلەرنىڭ «كوللېكتىپ ئەمگىكى»گە ئايلاندى. ئىسرائىلىيە جەمئىيەتشۇناسى س. ن. ئېيسېنستاد بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئورگانلارنىڭ مەخسۇسلىشىشىغا ئەگىشىپ (ياش بىر ئەۋلاد) دەۋرداشلار ئاسانلا بىر يەرگە يىغىلىپ ئىجتىمائىيلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ جەرياندىكى رولىمۇ زورىيىشقا باشلىدى. بۇ خىل ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ قاپلايدىغان دائىرىسىمۇ توختىماي كېڭىيىپ چوڭلارنىڭ ئىجتىمائىي ساھەلىرى، يەنى خىزمەت، ئائىلىۋى تۇرمۇش، سىياسىي پائالىيەتلەر، ئىستېمال قاتارلىقلار بىلەن بولغان چېتىشلىقى زور دەرىجىدە ئېشىپ باردى. ھالبۇكى، ياشلارنىڭ چوڭلارغا بولغان تايىنىشچانلىقى زور دەرىجىدە كېمەيدى»؛ (2) مارگارېت كېينكىلەرگە تەقلىد قىلىدىغان بۇ مەدەنىيەت دەۋرىنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەربتە مەيدانغا كەلگەن شىددەتلىك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئېيسېنستاد تىلغا ئالغان «زامانىۋىلىشىش» بۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ دەۋرنىڭ ئاتالمىش «ئۇچۇر دەۋرى» ياكى «ئاتوم دەۋرى» دەپ ئاتىلىشىدىلا شۇنداق بىر مەنا بار. سىياسىي ئاتموسفېرا بولسا مارگارېت تەڭ تىلغا ئالغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل. باشتا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ پاسىلدىن كېيىن ئۆسۈپ چوڭ بولغانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئارىسىدىكى غايەت زور ئەۋلاد بوشلۇقى دەل مۇشۇنداق تارىختا كۆرۈلمىگەن غايەت زور پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار داۋامىدا كۆرۈلگەن.

غەربتە 60 ـ يىللاردىن كېيىن يەنە ئىككى ئەۋلاد مەيدانغا كەلدى. بۇلار ئارىسىدىكى بوشلۇق مارگارېت مىد ئالدىن ھۆكۈم قىلغىنىدەك، دەرۋەقە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى كەينىدىكىسىدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار غەرب دۇنياسىدىكى يەنە بىر قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ شاھىدى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى كۆپ بالىلىق بولغۇچىلاردىن (Baby Boomers) كېيىن، يەنى 1960 ـ ۋە 1970 ـ يىللاردا تۇغۇلغانلار بولۇپ ئۇلار ئەۋلاد دەپ ئاتالدى. بۇ نام 1964 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك جېين دېۋېرسون تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. نام بېرىش قىيىن كەلگەچكىلا × ئەۋلاد دەپ ئاتالغان. بۇ دەۋردە خىپپىلار ③ غەرب دۇنياسىنى قاپلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەۋلاد Y ئەۋلاد دەپ ئاتالدى. ئۇلار 1980 ـ ۋە 1990 ـ يىللىرى تۇغۇلغانلار بولۇپ، ئۇلار پۈتۈنلەي شەخسىي كومپيۇتېر ۋە ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلار دەۋردە چوڭ بولغانلار ئىدى.

ناۋادا بىز بۇنى جۇڭگو، جۈملىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن باغلاپ باقىدىغان بولساق، شۇنى بايقايمىزكى، بىزدىكى ئەڭ زور ئەۋلاد بوشلۇقى 1960 ـ يىللاردا ئەمەس، بەلكى 1980 ـ يىللاردىن كېيىن، يەنى غەربنىڭ × ئەۋلاد دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ 1970 ـ يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان بىر ئەۋلاد بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئارىسىدىكى بوشلۇق ئىدى. 70 ـ يىللاردا تۇغۇلغانلار ئەينى چاغدا تېخى گۆدەك بولغىنى ئۈچۈن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ روھىي تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمىغانىدى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا چەكنى سەل ئالدىغا سۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. بەلكى ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن تۇنجى تۈركۈم ياشلارغىچە سۈرۈشىمىز مۇمكىن. ئۇلار ئوقۇش يېشىغا ياكى دۇنيانى ئەمدى چۈشىنىش باسقۇچىغا كەلگەندە زامان ئۆزگەرگەن ئىدى. ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىدىمۇ بۇنچىلىك چوڭ ئەۋلاد بوشلۇقى شەكىللەنمىگەن. ئەڭ مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، جۇڭگودا ئازادلىقتىن كېيىنلا غەربتىكىدەك پەن ـ تېخنىكا، جۈملىدىن ئۇچۇر ـ ئالاقە يۈكسىلىشى مەيدانغا كېلەلمىگەن. ھالبۇكى 80 ـ يىللاردىكى ئەھۋال بۇنىڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. 80 ـ يىللارنىڭ ئالدىدىكى جۇڭگو ئاساسەن سىياسىي جەمئىيەت ئىدى. سىياسىي ئاتموسفېرا تۇرمۇشنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا، ھەتتا كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغىچە سىڭىپ كىرگەن ئىدى. ھەممىگە سىياسىي نەزەردە قاراش، ھەممىنى سىياسىي بىلەن ئۆلچەش شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى

ئىدى. چوڭلار، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان چوڭقۇر تەشنالىقى ۋە مۇھەببىتىنى پەقەت قەلبلىرىدىلا ساقلاپ كېلەلىدى. شۇ دەۋردىكى كىچىكلەر شۇڭا «ھەمە-مىدىن» خەۋەرسىز قالدى. ھالبۇكى، شۇنىڭدىن كېيىنكى تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ياشلار بىلەن چوڭلارنى تېزلا ئايرىپ چىقتى. كەلكۈندەك بېسىپ كىر-گەن پەن- تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ۋە غەرب ئىدىيىلىرى كۆلەم ۋە تۈر جەھەتتە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى ياراتتى. بۇلارنى قوبۇل قىلىش ھەم ئۆگىنىش ياشلارغا تەبىئىيلا ئاسانغا چۈشتى. يەنە كېلىپ، بۇ يېڭىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى يېڭىلا ئەسلىگە كەلگەن ئالىي مەكتەپلەردىكى ياشلارنىڭ «خۇسۇسىي مۈلكى»گە ئايلانغانىدى. شۇڭا چوڭلار ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە بارا- بارا جەمئىيەتنىڭ ئارقىدا قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئېھتىمال ئەينى دەۋردە ئېغىزلاردا، مەتبۇئاتلاردا مودا بولغان «80- يىللار» دېگەن دەۋر بۆلگۈچ ئاتالغۇنىڭ ئۆزىلا بۇنى دەلىللەشكە يېتىپ ئاشار. دەرۋەقە، شۇ يىل-لاردىكى بىر تۈركۈم ياش ئەۋلاد گويا يەنە يېڭى دەۋر-نىڭ «يېڭى ئىنسانلىرى»غا ئايلاندى. بۇلارنىڭ ھەممە-سى 1980- يىللارنى پاسىل قىلغان ئەۋلاد بوشلۇقىنىڭ ھەققەتەن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ يىللار-دىكى ياشلار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن يىراقلاشقۇچىلار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمدىلا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە قايتا ئىخلاس قىلىشقا باشلىغان چوڭلار بىلەن كۆپ جەھەتلەردە ئوخ-شىماي قالدى. بۇ خىل ئەۋلاد بوشلۇقى 80- يىللارنىڭ ئاخىرى، 90- يىللارنىڭ باشلىرى ئەۋجىگە چىقتى، دې-يىشكە بولىدۇ. بۇ دەۋردىكى بىر ئەۋلاد چوڭلارنىڭ قات-ماللىقلىرىدىن، قورقۇنچلىرىدىن، ئارىسالدىلىقلىرىدىن خالىي ئىدى. گەرچە ئۇلار غەرب دۇنياسىدىكى خىپپىلارغا يەتمىسىمۇ ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلەرگە، قاراشلارغا تازا ئەگىشىپ كەتمەيتتى.

جەمئىيىتىمىزنىڭ بەزىبىر ئايرىم ساھەلىرىگە نەزەر سېلىپ باقايلى:

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 90- يىللارنىڭ دەسلىپى مەي-دانغا كەلگەن بىر تۈركۈم يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ۋە ئۇ-لارنىڭ پەيدا قىلغان دولقۇنلىرى بۇنىڭ بىر ئىسپاتى. ئۇلاردا بۇرۇنقىلارنى ئىنكار قىلىش، يېپيېڭى ئېقىم شە-كىللەندۈرۈش، ھەممىنى ئاستىن- ئۈستۈن قىلىش خاھە-شى ئالاھىدە كۈچلۈك ئىدى. پېشقەدەملەر ئۇلارغا ھەيران قېلىشتى ھەم مۇئەييەن دەرىجىدە قايىلمۇ بولۇشتى. بۇ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى تۈرتكىسىدە ياشلارنىڭ غەرب پەلسەپە ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق، ئەلۋەتتە.

2. قاتناش- ترانسپورت ئەسلىھەلىرىنىڭ تېز سۈر-ئەتتە تەرەققىي قىلىشى ئەسلىدىكى ئايرىم- ئايرىم بوس-تانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەرنى بىر- بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. بولۇپمۇ، ھەرياقتىن يىغىلغان، ياشلىق باھارىنىڭ ئەڭ يېڭى چاغلىرىدا تۇرغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر شەھەر، بىر مەكتەپتە ئارىلىشىپ يا-شاش داۋامىدا، ئۆزئارا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئې-رىشتى. ئۇلار مەكتەپ پۈتكۈزۈپ يۇرتلىرىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۆز ئاتا- ئانىلىرى ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بىلەن زور پەرققە ئىگە يۇرت ۋە مىللەت قاراشلىرىنى ئاشكارى-لىدى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە چوقۇم بىر يۇرتلۇق بىلەن توي قىلىش ۋاقتى ئۆتكەن تىپىك «يۇرتۋازلىق» خاھىشى بولۇپقالدى. باشقا يۇرتلۇقلارنى چەتكە قېقىش نا-چار قىلمىش سانالدى. ئەسلىدىلا سودا ئېڭى كۈچلۈك ئۇيغۇرلار كۈنسېرى قولايلىشىۋاتقان قاتناش ۋاستىلىرىگە تايىنىپ يۇرتلار ئارا بېرىش- كېلىشتە ئىلگىرى ھەرقان-داق دەۋردىكىدىن زور ئەركىنلىكلەرگە ئېرىشتى. دېمەك، سودا- ئالاقىنىڭ كۈچىيىشىمۇ بۇ يۈزلىنىشنى تېزلەتتى. گەرچە بۇ جەريان ئەدەبىيات ساھەسىدە يۈز بەرگەن ھا-دىسىدەك كەسكىن بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ يىلدىن يىلغا ئېشىپ بېرىۋاتقان تەسىر كۈچىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. بەلكىم بۇ يىللاردا خېلى زور بىر قىسىم ياشلار ئوتتۇرا ياشلىقلارغا ئايلىنىپمۇ بولغاندۇ، لېكىن بىز بۈگۈن ئەمە-دىلا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بىر ئوقۇغۇچى بىلەن ئۇنىڭ بوۋىسى ياكى مومىسىنى سېلىشتۇرساق، بۇ تەرەپ تېخىمۇ روشەن بولىدۇ.

3. يۈرۈش- تۇرۇش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە روشەن بوشلۇق كۆرۈلدى. ئالدى بىلەن يەنە غەرب دۇنياسىغا

قاراپ باقايلى، غەربتە 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى ئوغۇللارنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇشى ــ قاتتىق تالاش ـ تارتىش ۋە مۇنازىرە تېمىلىرىنىڭ تۈگۈنىگە ئايلانغان. ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرى دەسلەپتە بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۇزۇن چاچ قويۇشنى جاھىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرغان بەزى ئوغۇللارنى ھەتتا مەكتەپتىن ھەيدىگەن. ئەينى چاغدا مۇشۇ كىچىككىنە ئىش چوڭلار بىلەن ياشلار ئارىسىدىكى زور توقۇنۇشنى ئاشكارىلاپ بېرىشكە يېتىپ ئاشاتتى. ھالبۇكى، ياشلار ئاخىر ئۇتۇپ چىقتى، مەكتەپلەر كېيىن بۇ چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ ھەقتە شۇ دەۋردىكى بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مۇنداق خاتىرە يازغان: «مەكتەپلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئوقۇتۇشتۇر، ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاق مىزانى تۇرۇپ بېرىش ئەمەستۇر. لېكىن ھازىر ئۇلار ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش بىلەنلا قانائەت تاپمايدىغاندەك تۇرىدۇ... ئۇزۇن چاچ قويغاننىڭ نېمە خەتىرى بار؟ قارىغاندا بەزىلەر باشقىلار بەزى ئىشلارنى خاتا دېگەچكىلا، ئۆزى خالىغان ئىشلارنى قىلالمايدىغان ئوخشايدۇ. نەتىجىدە ئەنە شۇ خاتا ئىش قىلدى، دېيىلگەن كىشى قايمۇقۇش ئىچىدە قالىدۇ. مانا بۇنى ئەڭ خەتەرلىك دېسەك بولىدۇ. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئۇزۇن چاچ قويغان ئوغۇللىرىنى ‹قىز بالىغا ئوخشاپ قاپسەنەي...› دەپ كېتىشىدۇ. بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن كۆڭۈلدىكى گەپلىرىنى دېيىشىپ باقسا بولامدۇ ـ يوق، بۇنى بىلىشمەيدۇ. بۇ ياخشى ئىش ئەمەس. نۇرغۇنلار بۇنى ئالاقىنىڭ كەم بولغىنىدىن كېلىپ چىققان ئەۋلاد بوشلۇقى دېيىشىدۇ. مېنىڭچە چاچ ئىشىغا كەلگەندە مەسىلە پەقەت ئالاقىنىڭ كەم بولغىنىدا ئەمەس، بەلكى ئاساسلىقى چۈشىنىشنىڭ كەم بولغىنىدا ④ ». مانا بۇ ئەينى چاغدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىپىك ئىدىيىسى. دېمەك، ئۇلارچە بولغاندا ئەمدى مەكتەپلەر ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسى بەرمەسلىكى كېرەك، بۇنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن. ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا 80 ـ يىللاردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئوخشاش ئەھۋالنى تىلغا ئېلىشنىڭ كۆپ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. گەرچە شۇ دەۋرنىڭ ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئۇزۇن چاچ قويۇشتا غەربلىكلەرگە يەتمىسىمۇ، يەنى بۇ كۆپىنچە ھاللاردا سەنئەتكارلار ئارىسىدىلا چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ھادىسىنى يەنىلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى روشەن بىر ئەۋلاد بوشلۇقىنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇشى مۇشۇ تۈپەيلى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخى سەنئەتكارغا خاس بولغان بىر ئالاھىدىلىك سانىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ياش قىزلارنىڭ چاچلىرىنى قىسقارتىپ بۇدرە قىلىشى، ھەتتا ئەرلەرگە خاس قىسقا چاچ قويۇشىمۇ ئەلۋەتتە ئوخشاش بىر ھادىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدۇر. شۇ يىللاردا قانچىلىغان ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىۋەتكەنلىكىنى ھېسابلاپ بولۇش تەس. بۇنىڭدىن باشقا، چوڭلار پەقەت ياقتۇرمايدىغان كاناي شىملارنىڭ، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلارنىڭ، كېيىنچە يەنە قىسقا ھەم ئادەتتىن تاشقىرى ئىخچام كىيىملەرنىڭ ياشلار ئارىسىدا مودا بولۇشىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن. دەل مۇشۇ ياشلارنىڭ ئالدى ھازىر ئوتتۇرا ياشلارغا كېلىپ قالدى، شۇڭا ھازىرقى كۈندە ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئارىسىدىكى ئەۋلاد بوشلۇقىنى ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئارىسىدىكى بوشلۇققا ھەرگىز باراۋەر دېيىشكە بولمايدۇ. كېيىنكىسى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەۋر بوشلۇقى دېيىش مۇمكىن.

4. كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇللىرى جەھەتتىمۇ خېلى چوڭ پەرقلەر كۆرۈلدى. مەسىلەن، گەرچە تانسا ياشقا چوڭ زىيالىيلارغا يات بولمىسىمۇ، باشقا ساھەدىكى چوڭلارغا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ناتونۇش ئىدى. دىسكو ۋە باشقا زامانىۋى ئۇسسۇللار پەقەت ياشلارغا خاس ئۇسسۇل تۈرى بولۇپ قالدى. خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقاملار ياشلارغا ۋاقتىدا ھەم ئۇنۇملۇك يەتكۈزۈپ بېرىلمىدى. بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن قاتتىق ئۈركۈپ كەتكەن چوڭلارنىڭ بىر سەۋەنلىكى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشلارنىڭ يېڭىلىقنى خالايدىغان پسىخىكىسى ئۇلارنى زامانىۋى مۇزىكا دۇنياسىغا تېزلا ئېلىپ كىردى. شۇڭا ياشلارنىڭ ئەڭ كۆپ ياقتۇرىدىغىنى تەبىئىيلا زامانىۋى چالغۇلاردا ئورۇندالغان ئىجادىي يېڭى ناخشا ـ مۇزىكىلار بولۇپ قالدى. بىزدىكى ٧ ئەۋلادنى، يەنى پۈتۈنلەي ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلار دەۋرىدە (80 ـ يىللاردىن كېيىن)

تۇغۇلۇپ، چوڭ بولغانلارنى ئۇلارنىڭ بوۋا ـ مومىلىرى بىلەن سېلىشتۇرساق، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى ئاسانلا بايقايمىز. بۇ دەۋردىكىلەر، بولۇپمۇ شەھەردە چوڭ بولغانلار بوۋا ـ مومىلىرىنىڭ چۆچەكلىرى ۋە پەندى ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ئەمەس، زامانىۋى دۇنيانىڭ غىدىقلاشلىرىنى قوبۇل قىلىپ چوڭ بولدى. ئۇلار ھازىر بۇرۇنقىلاردەك ئوقۇغان كىتابلىرىنىڭ سانى ۋە نوپۇزى بىلەن ماختانمايدۇ. ئۇلار بىلىدىغان ھەم تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان ئوبرازلارمۇ ئەمدى داڭلىق رومانلاردىن ئەمەس، تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ياكى كىنولاردىن چىقىدۇ. ئۇلار چوقۇنىدىغان نۇرغۇن چولپانلارنىمۇ چوڭلار ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدۇ ھەم كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيدۇ. روشەنكى، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرلىنىش، كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇللىرى ئۇلارنىڭ بوۋا ـ مومىلىرىنىڭكى بىلەنلا ئەمەس، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭكى، يەنى 80 ـ يىللارنىڭ ياشلىرى بىلەنمۇ زور پەرقلەرگە ئىگە ئىدى.

5. قىممەت قارىشىمۇ يەنە بىر مۇھىم تەرەپ. مەلۇم بىر كىشى مۇھىم، ئەتىۋارلىق دەپ قارىغان نەرسىنى، يەنى بىر كىشى ئۈنچىلىك كۆرمەسلىكى ياكى پۈتۈنلەي قىممىتى يوق دەپ بىلىشى مۇمكىن. مانا بۇ قىممەت قارىشىنىڭ ئاددىي ئىزاھى. مەسىلەن، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان چوڭلارنىڭ نەزەرىدىكى پۇل بىلەن ھازىرقى ياشلارنىڭ نەزەرىدىكى پۇلنىڭ مەنىۋى قىممىتىدە پەرق كىچىك بولمىسا كېرەك. گەرچە ھازىر ئازراق پۇل تاپقان نۇرغۇن ياشلار ساياھەت قىلىش ياكى كومپيۇتېر، ھەتتا ماشىنا سېتىۋېلىشنى ئويلاشسىمۇ، چوڭلارنىڭ نەزەرىدە بۇ يەنىلا بانكىغا قويۇش ياكى ئۆي سېتىۋېلىشتەك مۇھىم ئەمەس. ياشلارنىڭ كۆپ پۇل خەجلەپ سېتىۋالغان كىيىملىرى ئۇلارغا ياقمايدۇ. بىرەر چولپاننىڭ ئىمزاسىغا ئېرىشىپ خۇش بولۇپ، ھاياجانلىنىپ كېتىشلىرىدىن ھەيران بولىدۇ. ئۇلارچە بولغاندا ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە ئۇرۇنۇش ياكى شەخسىي شىركەتلەردە خىزمەت قىلىش يەنىلا ھەرگىزمۇ مۇقىم خىزمەتتى بولغانغا يەتمەيدۇ. 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان خىزمەت ئىنقىلابى تېخىچە نۇرغۇن چوڭلارنىڭ كاللىسىنى ئۆزگەرتەلىگىنى يوق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە يەنە نۇرغۇن 80 ـ يىللارنىڭ ياشلىرىمۇ بار. بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدە ئۆتكۈزگەن چوڭلار تەبىئىيكى بۈگۈنكى جاپالار ياخشىراق ئەتە ئۈچۈن دەپ قارايدۇ. ياشلار ئۈچۈن بولسا بۈگۈن ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭا جاپالىق تۇرمۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان نۇرغۇن «بۇ زاماننىڭ ياشلىرى» چوڭلارنىڭ قاقشاشلىرىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئۇلار شۇ ياشلارنىڭ بەزىدە چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە ئىچىدە يەنە قايىل بولماي تۇرالمايدۇ.

6. ئەڭ يېڭى ئۇچۇر ئالاقە ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىش جەھەتتىمۇ خېلى زور پەرقلەر بار. توردا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش تېخنىكىسى 90 ـ يىللاردىن كېيىن بۇ ئىككى ئەۋلادنى تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. دېمەك، قېرىلارنىڭ ياشلاردىن ئۆگىنىدىغان پەيتى ئاخىر يېتىپ كەلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى يېتەرلىك بولمىغاچقا، ياشلارنىڭ «تورداش»، «چايخانا»، «مۇنبەر» دېگەن ئاتالغۇلىرىنىڭ مەنىلىرىنى ياكى يېڭى مەزمۇنلىرىنى چۈشىنىشكە قۇربى يەتمەيدۇ. قۇربى يەتكەنلىرىنىڭمۇ كۆپىنچىسى بۇلارنى ئۆزىگە باغلىيالمايدۇ. ئۇلارنىڭ توردىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىۋاتقان ياشلار بىلەن بولغان ئارىلىقىنى تىلغا ئالمايلا قويايلى، ئەلۋەتتە بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى چوڭلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى.

ھالبۇكى، مارگارېت ئوتتۇرىغا قويغان مەدەنىيەتنىڭ ئۈچ باسقۇچىغا ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تەتبىقلاپ باقىدىغان بولساق، ئەھۋال كىشىنى سەل قايمۇقتۇرىدۇ. مېنىڭچە ھازىر ئۇيغۇرلار 2 ـ باسقۇچتا تۇرماقتا. ياشلار تېخى چوڭلارنىڭ ئەنئەنىسىدىن بەكمۇ يىراقلاپ كەتمىدى ھەم ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشنى خالايدۇ. چوڭلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەي قېلىۋاتقىنىغا ئىقرار. دېمەك، ئۇلارمۇ بۇ جەھەتتە ياشلارغا مۇراجىئەت قىلىشنى دۇرۇس دەپ بىلىدۇ. غەرب ـ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 2 ـ باسقۇچقا قەدەم قويغان. ۋەھالەنكى، بۈگۈن غەرب دۇنياسىدىكى چوڭلارنىڭ غېرىبلىشىشى، ياشلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشى، ھەتتا خارلىنىشى 3 ـ باسقۇچنىڭ يەنى، بۇرۇنقىلار كېيىنكىلەرگە تەقلىد قىلىدىغان مەدەنىيەت باسقۇچىنىڭ بىر يامان ئۆسمىسىدۇر. بۇ خىل يامان ئۆسمىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ ئاز ـ تولا بىخ سۈرۈۋاتقانلىقىنى ئىنكار

قىلىشقا بولمايدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن ھېس قىلالايمىزكى، ئەۋلاد بوشلۇقىنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللار ئەۋلادنىڭ ئىككى خىل خۇسۇسىيىتىگە چېتىلىدۇ. «بىرى، ئەۋلادلارنىڭ ياش پەرقى ياكى بىئولوگىيىلىك تەۋەلىكى، يەنە بىرى ئەۋلادلارنىڭ ئىجتىمائىي پەرقى ياكى ئىجتىمائىي تەۋەلىكى، مانا بۇ ئەۋلادلارنىڭ قوش تەۋەلىكىدۇر. ئەۋلاد بوشلۇقى دەل ئەۋلادلارنىڭ بىئولوگىيىلىك تەۋەلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەۋەلىكىنىڭ ئۆزئارا بىر ــ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ» ⑤ . ئىنسانىيەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئۆتكەنكى ئەسىردە زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ ئەۋلادلارنىڭ بىئولوگىيىلىك تەۋەلىكىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى، لېكىن 20 ــ ئەسىر يەنە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر ئەڭ تېز بولغان بىر ئەسىر بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئەۋلاد بوشلۇقىنىڭ ياش پەرقى ياكى بىئولوگىيىلىك تەۋەلىكى داۋاملىق قىسقىراش ھالىتىنى باشتىن كەچۈردى. دېمەك، ھازىر جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشى ئەۋلاد بوشلۇقلىرىنىڭ پەيدا بولۇش چاستوتىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا مارگارېت مىد ئوتتۇرىغا قويغان ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىنى پاسىل قىلغان غايەت چوڭ دەۋر بوشلۇقىدىن كېيىن كىشىلەر ئۇششاق ئەۋلاد بوشلۇقلىرىنى داۋاملىق سېزىپ تۇردى. ھازىر بەلكىم بىر ئائىلىدىكى بەش ياش پەرقلىنىدىغان قېرىنداشلارمۇ بۇنى ھېس قىلالىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى جۇڭگو جەمئىيىتىدە 80 ــ يىللاردىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئەۋلاد بوشلۇقى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

ئەۋلاد بوشلۇقىنىڭ جەمئىيەتكە ھەم پايدىسى ، ھەم زىيىنى باردۇر. بىز داۋاملىق چوڭلار بىلەن كىچىكلەر ئارىسىدا پەدىشەپ بولۇشى كېرەك دېگەننى تەكىتلەپ كەلدۇق. مانا بۇ ئاشۇ خىل ھادىسىنىڭ بىز مۇھىم دەپ قاراپ كەلگەن بىر ئېپادىسى. ھالبۇكى بۈگۈنكى غەربلىكلەر ئىچىدە بۈگۈن بىزدە ئەۋلاد بوشلۇقى قالمىدى، دەپ جاكارلىغۇچىلار چىقماقتا. مەسىلەن، ئۇلاردا ھازىرقى پەرزەنتلەر بىلەن ئاتا ــ ئانىلار ئوخشاش مۇزىكا، مودا، سىياسەت، قىممەت ئېقىملىرىغا ئەگىشىدۇ. بالىلار ئاتا ــ ئانىلىرىنىڭ ئىسمىنىلا چاقىرىدۇ. چۈنكى بۇ باراۋەرلىك، دوستلۇقنىڭ ئىپادىسى. بالىلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنى ئاتا ــ ئانىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى كېرەك، دەپ قارىمايدۇ. روشەنكى، بۇنىڭ نەتىجىسى بەكمۇ يامان بولۇۋاتىدۇ. بۇ ھادىسىنىڭ داۋاملىق چېكىدىن ئېشىشى بىلەن ياش ــ ئۆسمۈرلەرنىڭ، ھەتتا بالىلارنىڭ تۇيۇق يوللارغا كىرىپ كېتىشى، چوڭلارنىڭ جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشى كۈنسايىن ئېغىرلاشماقتا. لېكىن ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولسىمۇ بولمايدۇ. ئىككى ئەۋلاد ئارىسىدا چوقۇم ساغلام چۈشىنىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش بولۇشى، مەۋجۇت ئەۋلاد بوشلۇقىنىڭ پاسسىپ تەسىرلىرى شۇ ئارقىلىق ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈلۈشى كېرەك. ئەۋلاد بوشلۇقى ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى. بۇلاردىن بىرىنى ئىنكار قىلغانلىق، يەنە بىرىنى ئىنكار قىلغانلىق بىلەن باراۋەر. بولۇپمۇ، بۈگۈنكىدەك زامانىۋىلىشىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەۋرىدە چوڭلار ياشلاردىن ساغلام يېڭىلىقلارنى كەڭ قورساقلىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلالايدىغان بولۇشى، ياشلارمۇ چوڭلاردىن ئېسىل ئەنئەنىلەرنى، قىممەتلىك ھايات ساۋاقلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنەلىشى تولىمۇ زۆرۈر. شۇنداق بولغاندا جەمئىيىتىمىز توغرا يولدا راۋاج تېپىۋاتقان بولىدۇ.

ئىزاھلار:

① ، ④ مارگارېت مىد Margaret. Mead (ئامېرىكا): «مەدەنىيەت ۋە مەجبۇرىيەت» نۇر گېزىتى نەشرىياتى، 1988 ــ يىل، 96 ــ ، 114 ــ ، 115 ــ بەتلەر.

② س. ن. ئېيسېنستاد shmuel N. Eisenstadt (ئىسرائىلىيە): «زامانىۋىلىشىش: قارشىلىق ۋە ئۆزگىرىش»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 ــ يىل، خەنزۇچە نەشرى 32 ــ بەت.

③ Hippie ــ بۇ ئاتالغۇ قارا تىل بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئەنئەنىۋى قائىدە ــ يوسۇن ۋە ئۆرپ ــ ئادەتلەرگە قارشى چىققۇچىلار، بولۇپمۇ سىياسىي پوزىتسىيە جەھەتتە چېكىدىن ئاشقان ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ دېڭ شىچۈەن، ۋۇ يۇچۈن: «زامانىۋىلىشىش داۋامىدىكى ‹ئەۋلاد› ۋە ‹ئەۋلاد بوشلۇقى›»؛ «جۇڭگو ياشلىرى تەتقىقاتى» 2002 ــ يىل 6 ــ سان.

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى لېكتورى.

# غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە دۇنيا
# «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»

ئابلىمىت مۇھەممەد يىلتىزلىق

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئادەتتە مىللەتلەرنىڭ تىلى، ئورۇنداش سەنئىتى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، خەلق مۇزىكىلىرى، مۇراسىملار، ئەنئەنىۋى بايراملار ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك ماھارىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مىللىي روھ، بىر ئەلنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مىللىي كىملىكنىڭ مۇھىم ئىپا-دىلىنىش شەكلىدۇر. ئەگەر بىر مىللەتتە بۇ نەرسىلەر بولمىسا، دۇنيادا ئۇنىڭ ئورنى ۋە تەسىر كۈچىمۇ بولمايدۇ، ھەتتا ئۇ مىللىي تىل ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ.

ھازىرقى دۇنيا بارغانسېرى ماددىلاشماقتا، لېكىن ئىنساننىڭ ماھىيىتى غەيرىي ماددىي بولىدۇ. ماددىي تەرەققىيات سەۋىيىسى يۇقىرىلىغانسېرى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت قاتلىمى شۇنچە چوڭقۇرلىشىدۇ. يەنى ماددىي تەرەققىيات مە-دەنىيەت قاتلىمىغا تەۋە بولغان نەرسىلەرنى شۇنچە گەۋدىلەندۈرىدۇ.

2007.3

### *1. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇقۇمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى*

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئۇقۇم. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىدا مۇئەييەن پەرقلەر بولۇپ، تالاش ـ تارتىشلارمۇ نىسبەتەن كۆپ. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قەدىمنى ھەممىدىن بۇرۇن باسقان ياپونىيىدە ئۇنى «شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى» دەپ ئاتىغان، ئېلىمىز مەدەنىيەت ئەمەلىيىتىدە «مىللىي خەلق مەدەنىيىتى» ئۇزاقتىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇقۇمغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇ ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولغان مەخسۇس دائىرىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مى-راسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»نى ماقۇللىغاندىن كېيىن «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئېلىمىزدە تەدرىجىي قوبۇل قىلىندى. 2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگو «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»غا قاتناشتى. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش جەھەتتىكى قانۇ-نى ھۆججەتلەر «مىللىي خەلق مەدەنىيىتى»، «ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى مىراسلىرى»، «ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلىرى» دېگەندەك ئۇقۇم ـ ئاتاشلار ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلار بۇ خىل مىراسلارنى قوغداشقا پايدى-لىق، شۇڭا مۇنداق مۇنازىرىلەرنىڭ داۋاملىشىشى ياخشى. «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنا-مىسى»دە «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ئۇقۇمىغا تەبىر بېرىلگەن ھەمدە ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى چەك ـ چېگرىسى بېكىتىلگەن. شۇڭا، نۆۋەتتە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى دەپ ئاتاش بىر ياخشى تاللاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە پايدىلىق بو-لۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەردە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇقۇمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، بۇ، مىراسلارنىڭ قوغدىلىش دائىرىسىنى كې-ڭەيتىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ، بولۇپمۇ، ئېلىمىزنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل بولغان رەڭگارەڭ مىللىي

مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى 1989 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «ئەنئەنىۋى خەلق مەدەنىيتى»، 1993 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «ئىنسانلارنىڭ جانلىق بايلىقى»دىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئاغزاكى مىراسلار»، «ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلىرى» ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بېكىتىلگەن «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن ئۇقۇملارنى ئاددىي ھالدىكى ئاتالغۇ جەھەتتىكى ئۆزگىرىش دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ئۇ مائارىپ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئون نەچچە يىللىق قوغداش خىزمىتى جەريانىدىكى بىرقانچە مۇھىم تارىخىي باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نامنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مائارىپ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئالدى بىلەن بۇ مىراسلارنىڭ قوغدىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، ئاندىن قوغداش سالمىقىنى ئاشۇرغان، ئاخىرىدا بۇ مىراسلارنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرگەن. دېمەك، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك.

*2. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش*

دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، زامانىۋىلىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا بولغان تونۇشى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى، قوغداش دائىرىسى ۋە ئوبيېكتى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. مەدەنىيەت مىراسلىرى ماددىي مىراسلار ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلار دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئىلگىرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا يەنى مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە بولغان قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزلىرىنى قوغداشقا مەركەزلىشىپ قالغان بولۇپ، مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىي مىراسلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قوغداش كېيىنچە شۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى قوغداشقا، ياكى پۈتكۈل تارىخىي بىناكارلىق توپى، ھەتتا پۈتكۈل قەدىمكى شەھەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى قوغداشقا كېڭەيتىلدى. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش بولسا يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققەت قىلىشى ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلدى.

ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى 1972 ـ يىلى ماقۇللىغان «دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش ئەھدىنامىسى» (جۇڭگو 1985 ـ يىلى قاتناشقان)دا، ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولغان قەدىمكى ئىزلار، قەدىمكى جايلار (قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى)، مەدەنىيەت مەنزىرە جايلىرى ۋە تەبىئىي مىراسلار دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت مىراسىغا ئايلاندى. لېكىن، بۇ ئەھدىنامىدە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاجىز بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تەبىئىي ياكى سۈنئىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش خەۋپىنىڭ تېخىمۇ زور بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەگەر مۇناسىپ قوغداش تەدبىرى قوللىنىلمىسا زىيان تېخىمۇ ئېغىر بولاتتى.

1989 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ماقۇللانغان «ئەنئەنىۋى ۋە خەلق مەدەنىيىتىنى قوغداش توغرىسىدا تەكلىپ»كە ئاساسەن «ئەنئەنىۋى خەلق مەدەنىيىتى»گە «ئەنئەنىۋى خەلق مەدەنىيىتى مەلۇم مەدەنىيەت رايونىدىكى بارلىق ئىجادىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ... ئۇنىڭ شەكلى، تىل، ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئويۇن، ئەپسانە، مۇراسىم، ئادەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، بىناكارلىق سەنئىتى ۋە باشقا سەنئەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» ① دەپ تەبىر بېرىلگەن. 2003 ـ يىل 10 ـ ئايدا ماقۇللانغان «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»دا، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا: «شەخسلەر تەرىپىدىن مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قارالغان ھەر خىل ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت، ئېتىقاد قارىشىنى شەرھلەش، ئىپادىلەش شەكلى، بىلىم، ئىقتىدار ۋە مۇناسىۋەتلىك قورال ـ سايمانلار، ماددىي

نەرسىلەر، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ۋە مەدەنىيەت سورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ دەۋردىن دەۋرگە تارقىلىشى ھەرقايسى رايونلار ۋە كوللېكتىپ گەۋدىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتقا ماسلىشىش ھەمدە تەبىئەت ۋە تارىخنىڭ ئۆزئارا تۈرتكىسى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز قايتا ئىجاد قىلىنىپ، مۇشۇ رايونلار ۋە كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئىزچىل ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ھۆرمەت قىلىنىدۇ. بۇ ئەھدىنامىدە پەقەت ھازىرقى بار بولغان خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ھۆججەتلىرى، ھەرقايسى رايونلار، كوللېكتىپ گەۋدىلەر ۋە شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئېھتىياجى ۋە ماس ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇلغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغىلا ماس كېلىدۇ» ② دەپ تەبىر بېرىلگەن. «ئەھدىنامە»دە بۇ تەبىرگە كونكرېت چۈشەنچە بېرىلگەن: غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئاغزاكى ئەنئەنە (خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى) ۋە ئىپادىلەش شەكلى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋاستىسى بولغان تىل؛ كۆرسىتىش سەنئىتى؛ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت، مۇراسىم، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى؛ تەبىئەت ۋە ئالەم توغرىسىدىكى بىلىم ۋە ئەمەلىيەت؛ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، دەپ كۆرسىتىلگەن.

تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە بولغان، يۆتكىگىلى بولمايدىغان مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرىنى، مەسىلەن، پارىژدىكى مۇقەددەس بۈۋىمەريەم ئانا چېركاۋى، مىسىردىكى ئەلئېھراملار، جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلى، خان سارىيى، ھېيتگاھ جامەسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى، مەھمۇد قەشقىرى مەقبەرىسى، سولايمان ۋاڭ مۇنارى، قىزىل ملڭ ئۆيى، بېزەكلىك مىڭ ئۆيى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇشۇ تۈرگە مەنسۇپ. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئادەمنى ئاساس قىلغان جانلىق مىراسلار بولۇپ، بۇنىڭدا ماھارەت، تېخنىكا، بىلىم تارقىتىش قاتارلىقلارغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ؛ ئۇ، ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ئەقىل ـ پاراستى ۋە ھېسسىياتىنىڭ ۋاسىتىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، ساقلاش، قوغداش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا كۆڭۈل بۆلىدىغان سەزگۈر مەسىلىگە ئايلاندى. مەملىكىتىمىزمۇ دۇنيا بىلەن ماس قەدەمدە مېڭىپ، تۈرلۈك دۇنياۋى ئەھدىنامىلەرگە قاتنىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ھەققىدە مۇناسىپ قائىدە ـ نىزام، بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، قوغداش خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تەتقىقات مەركىزى»، ئەنخۇي ئۇنىۋېرسىتېتى «ئەنخۇيشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزى»، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى «موڭغۇلشۇناسلىق تەتقىقات بازىسى»، شەندۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى «چىلۇ مەدەنىيىتى تەتقىقات بازىسى»، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى «يېزىق تەتقىقات بازىسى»، يۈننەن ئۇنىۋېرسىتېتى «چېگرا رايون ئاز سانلىق مىللەتلىرى تەتقىقات بازىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى» قاتارلىق ئورۇنلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. يۇقىرىقى تەتقىقات مەركەزلىرى ياكى بازىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مائارىپ مىنىستىرلىكى قاتارلىق مەركىزىي ئورگانلارنىڭ بىۋاسىتە يولىيورۇقى، تەۋسىيىسى ياكى تەكلىپى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئورۇنلار تەتقىقات بىلەن بىر ۋاقىتتا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى ئۆزلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپىسى قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 2004 ـ يىلى مەملىكىتىمىز مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق مەملىكەت بويىچە يوللانغان 16 تۈر ئىچىدىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نى ب د ت مائارىپ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا ئىلتىماس قىلدى ھەمدە «ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» ب د ت مائارىپ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، مەملىكىتىمىزگە، جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارغا كاتتا شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى. «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»نىڭ ماقۇللىنىشى ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا ئۆزگىچە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى قوغداش ... ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرغۇسى.

### 3. دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى ئىلتىماس قىلىش

«جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ ھەقتە مۇئەييەن تونۇش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مۇندەرىجىسىنى تۈرغۈزۈشنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتى، ئىلتىماس قىلىش شەرتلىرى، قەدەم ـ باسقۇچلىرى ۋە تەلەپلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئانچە ئېنىق بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن «جۇڭگو فولكلورى» (神州民俗) ژۇرنىلى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەردىن ئەھۋال ئىگىلەپ، كونكرېت چۈشەنچىگە ئىگە بولغان. ئومۇملاشتۇرغاندا، بۇلارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) دۆلەت دەرىجىلىك ۋەكىللىك ئەسەرلەرنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈرغۈزۈشتىن مەقسەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈرغۈزۈش مەملىكىتىمىزنىڭ ب د ت مائارىپ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»غا قاتنىشىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشتىكى مەجبۇرىيىتى بولۇپ، بۇ، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك ۋەكىللىك ئەسەرلەرنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈرغۈزۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈزۈمىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلەت دەرىجىلىك ئەسەرلەر مۇندەرىجىسىنىڭ تۈرغۈزۈلۈشى مەملىكىتىمىز غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇپ، قوغداپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، جۇڭگو غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مولлۇقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئېڭى ۋە مەدەنىيەت تونۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

2) دۆلەت دەرىجىلىك ۋەكىللىك ئەسەرلەر تۈرىگە ئىلتىماس قىلىشنىڭ كونكرېت شەرتلىرى

(1) دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى تەبىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولغان خەلق ئارىسىدىكى مەشھۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىپادىلىرى ياكى مەدەنىيەت بوشلۇقى بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت دائىرىسى:

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت شەكىللىرى يەنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋاستىسى بولغان تىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، خەلق ئارىسىدا يارىتىلغان گۈزەل ـ سەنئەت ئەسەرلىرى، خەلق ئاھاڭلىرى، خەلق ئۇسسۇللىرى، ئەلنەغمە، خەلق تىياتىرلىرى (ئۇيغۇر خەلق مەشرەپ ئويۇنلىرى)، دارۋازلىق، قول ھۈنەر ـ سەنئىتى، ئىشلەپچىقىرىش، سودا ئادەتلىرى، ئىستېمال ئادەتلىرى، ھاياتلىق مۇراسىملىرى، پەسىل بايراملىرى، خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى بىلىملىرى (ماقال ـ تەمسىللەر، تېپىشماقلار)، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە، ماھارەت (خەلق ئويۇنلىرى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(2) «دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرىگە ئىلتىماس قىلىش باھالاش ۋاقىتلىق چارىسى»نىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئىلتىماس قىلىدىغان تۈرلەرنى تەۋسىيە قىلىشتا تۆۋەندىكى ئۆلچەملەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، گەۋدىلىك تارىخى، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەن قىممىتىگە ئىگە بولغان بولۇش؛

ئىككىنچى، مۇئەييەن كوللېكتىپ ئىچىدە دەۋرلەردىن بۇيان ۋارىسلىق قىلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بولۇش؛

ئۈچىنچى، شۇ جايدا نىسبەتەن زور تەسىرگە ئىگە بولغان بولۇش؛

تۆتىنچى، يوقىرىدىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن، ئەمما ھازىر خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغان بولۇش.

3) ئىلتىماس قىلىدىغان ماتېرىياللار

(1) ئىلتىماس دوكلاتى: ئۆلكە دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي ئورۇنلىرى ياكى مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار «مىنىستىرلار بىرلەشمە يىغىنى» ئىشخانىسى (مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى)گە ئۆلكە ياكى ئۆز ئورنىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىلتىماس قىلىدىغان ۋەكىللىك ئەسىرنىڭ تۈر تىزىملىكىنى تاپشۇرىدۇ ھەمدە ئىلتىماس قىلىدىغان تۈرنىڭ نامى، ئىلتىماس قىلغۇچى، ئىلتىماس قىلىش مەقستى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ئاساسلىق مەسئۇل ئورۇنلارنىڭ پىكرىنى يوللايدۇ.

(2) تۈر ئىلتىماسى: بۇ، ئاساسىي ئۇچۇر، شۇ تۈرنى چۈشەندۈرۈش، دەلىللەش، تۈرنى باشقۇرۇش، قوغداش پىلانى، ئۆلكە دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىش پىكرى، ئۆلكە دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈش پىكرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(3) قوشۇمچە ماتېرىياللار: بۇ، سىنئالغۇ ماتېرىياللىرى، ئىسپاتلاش ماتېرىياللىرى، ھوقۇق بېرىلگەنلىك گۇۋاھنامىسى ۋە باشقا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(4) ئىلتىماس قىلىدىغان تۈرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش: بۇ، تۈرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، تارىختىن بۇيانقى ئۆزگىرىش ئەھۋالى، مۇھىم قىممىتى ۋە تەسىرى قاتارلىق ماتېرىياللار بولۇپ، بەش- ئالتە يۈز سۆز ئەتراپىدا يېزىلىدۇ.

(5) ئىلتىماس 4A قەغىزىگە بېسىلىدۇ، ئون نۇسخا بولىدۇ، ئېلېكترونلۇق ھۆججەت ( WORD شەكلىدىكى) ئىككى نۇسخا بولىدۇ.

(6) بارلىق ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى «مىنىستىرلار بىرلەشمە يىغىنى» ئىشخانىسى (مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى)گە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن ماتېرىياللار ئارخىپلاشتۇرۇلىدۇ، قايتۇرۇلمايدۇ.

4) ئىلتىماس قىلىش تەرتىپى:

(1) پۇقرالار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇنلار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى مەدەنىيەت مەمۇرىي ئورۇنلىرىغا ئۆزىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ۋەكىللىك ئەسىرىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئۆزى تۇرۇشلۇق مەدەنىيەت مەمۇرىي ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆلكە دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي ئورۇنلىرىغا ئىلتىماس قىلىدۇ.

(2) ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قارىمىقىدىكى ئورۇنلار ئۆلكە دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي ئورۇنلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئۆلكە دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي ئورۇنلىرى مەخسۇس مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، شۇ رايوننىڭ ئىلتىماس قىلىش تۈرلىرىنى بىۋاستە تاللايدۇ.

(3) ئۆلكە دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي ئورۇنلىرى ئۆزىگە قاراشلىق جايلار ئىلتىماس قىلغان بارلىق تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ، تاللاپ دەلىللىگەندىن كېيىن، ئۆلكە دائىرىسىدىكى ئوخشىمىغان تۈرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ دوكلات قىلىدۇ.

(4) ئۆلكە دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي ئورۇنلىرى تاللاپ دەلىللىگەندىن كېيىنكى تۈرلەرنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ تەستىقنى ئالغاندىن كېيىن «مىنىستىرلار بىرلەشمە يىغىنى» ئىشخانىسى (مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى)گە يوللايدۇ.

5) كونكرېت تەلەپلەر:

(1) تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلەش لازىم.

(2) مۇتەخەسسىسلەر تەۋسىيە قىلىش بىلەن يەرلىكنىڭ ئىلتىماسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىلتىماس قىلىدىغان تۈرلەرنى ئەستايىدىل تاللاپ، ئىلمىي بېكىتىپ، ئىلتىماس قىلغان تۈرلەرنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىلتىماس قىلىدىغان ۋاقىتنى توغرا ئىگىلەش، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق لازىم.

ئىزاھات:

①② «جۇڭگو غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» 9- توپلام، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005- يىل 12- ئاي خەنزۇچە نەشرى، گۇاڭدۇڭ.

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى پروفېسسورى، ئاسپىرانت يېتەكچىسى.

# كۆلكە داۋانلىرى



ماخمۇت مۇھەممەت

**12 ـ باب. قەدىناسلىقتا**

ھېسام بىلەن تېيىپجان ئېلىيوف ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا تونۇشقان. شۇ يىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنى قايتا نەشر قىلىشنىڭ تەييارلىقى سۈپىتىدە، غۇلجا شەھرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھمانلار ئارىسىدا تېيىپجان ئېلىيوفمۇ بار ئىدى.

غۇلجىلىق ئاپتورلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، گەپ ئارىسىدا تېيىپجان توساتتىن:

ـــ راستلا، ھېسام بارمۇ، ھېسام؟ ـــ دەپ سورىدى كۈلۈمسىرەپ. ئۇزايىدىن ئۇنىڭ ھېسام بىلەن بىر چاقچاقلاشقىسى باردەك قىلاتتى.

ـــ ھېسامكام بار، بىز خەۋەر قىلىپ قويايلى، سىزنى سورىدى دەپ، ـــ دېدى بىرەيلەن.

ـــ ئۇ بۇرادەر بىلەن تېخى كۆرۈشمىدۇق، بىراق چاقچاقلىرى قۇلىقىمىزغا يەتتى، ـــ دەپ قويدى تېيىپجان. گەپ شۇنچىلىك بولدى، سۆھبەت تېمىسى ئۆزگەردى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، دېگەندەك، ھېسام يەنە بىر ـ ئىككى قەلەمكەش بىلەن بىرگە، يىغىن ئېچىلىۋاتقان جاي ـــ 4 ـ دىۋىزىيە كادىرلار مېھمانخانىسىغا كىرىپ كەلدى.

ـــ تېيىپجان قەيەردە؟ ـــ سوراپ ماڭدى ئۇ ئۇچرىغانلاردىن. كىملەردۇر ئۇنى تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ياتىقىغا باشلاپ كىردى. بۇ چۈشلۈك ئارام ۋاقتى ئىدى.

ـــ مانا تېيىپجىنىڭىز، سىز سورىغان ھېسام دېگەن چاقچاقچى ئاكىمىز شۇ!

ـــ ئىسمىنى دېمىگەن بولسىڭىزمۇ تونۇۋالاتتىمكەن.

تېيىپجان ھېسام بىلەن كونا تونۇشلاردەك كۆرۈشتى. بايا ئېيتقىنىمىزدەك چۈشلۈك ئارام ۋاقتى بولغاچقا، تېيىپجان ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا ئىدى. ھېسام ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا چاقچاق قىلدى:

ـــ كىيىمىڭىز يارىشىپتۇ، شائىرلارغا تارقاتقانمۇ؟

تېيىپجان ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

ـــ راستكەن، راست ھېسامكەن!

ئىككىيلەن قايتا ئەھۋال سوراشتى. ھېسامنىڭ ئۈستىۋېشى سەل ئاۋارە ئىدى. تېيىپجاننىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدە سەل خىيالچانلىق



ئەكس ئەتتى. ئۇ دەررۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ سورىدى:

—ھېسام دەۋېرىمىزمۇ، ھېساماتاي دەيمىزمۇ؟ قارىسام ئۇرۇمچىدىكى ياش باللار ھېسام بىلەن بىز ئەل ـ ئاغىنە دەپلا يۈرىدىچۇ!

ھېسام جانلاندى.

—ھوي تېيپجان، تاي دېسىڭىز ماۋۇ ئابلىزلار مىنىمىز دەپ ئادەمنى ئاۋارە قىلىدۇ جۇمۇ!

ياتاقتا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. تېيپجان يەنە سورىدى:

—ھە، ھېسام، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىمىز؟

—نېمە قىلاتتۇق دەيسىز تېيپجان، شەھەر ئىچى مەلىسى بەلەن خەنزۇ بازىرىنىڭ ئارىلىقىنى چىگداپ يۈردۇق. يېيىشىمىز ھاۋا، تاماشا كاتتا!

تېيپجان ھېسامنىڭ سۆز داۋامىدىكى ھەرىكەت، قىياپەتلىرىگە ئىنچىكىلەپ نەزەر سالماقتىدى. ئىككىيلەن چاقچاق، سوئال ـ جاۋابتا تازا دەل تېپىشقانىدى.

—ياخشىكەن، —دېدى تېيپجان بېشىنى لىڭشىتىپ، —ئۇن بىرىنچى نومۇرلۇق يالۇجى مەن دەك. بۇمۇ ئاسان ئىش ئەمەس، پاچىقىنىڭ كۈچى بار ئادەم قىلالايدۇ.

ھېسامنىڭ چىرايىغا ھەييار كۈلكە يۈگۈردى.

—ئاڭلىساق، سىزنىڭ پاچاقىڭىزمۇ نوچى دەيدىغۇ، تېيپجان؟

تېيپجان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، كۈلكە ئارىسىدا بېشىنى ئىرغاتتى.

—خەۋەر كېلىپ بوپتۇ ـ دە!—مەخپىيەتلىك قالماپتۇ، ھە، پەتتارجان؟

—ئەمما، بۇ گەپنى مەن دېمىدىم!—پەتتارجاننىڭ كۆزەينەك ئارىسىدىكى كۆزلىرى چوڭىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ساددىلىقىدىن يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ، ھېسام بىلەن تېيپجاننىڭ دوستلۇقى ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ كەلدى. «تېيپجان» دېسە ھېسامنىڭ ئاۋازى زوق بىلەن تولۇق چىقاتتى. نۆۋىتىدە تېيپجانمۇ ھېسام ھەققىدە ئەجايىپ گەپلەرنى قىلاتتى.

مەرھۇم تۇرسۇن زېرىدىننىڭ ئۆيىدىكى مېھماندارچىلىقتا تېيپجان ئولتۇرۇشقا سەل كېچىكىپ كەلگەن ھېسامغا چاقچاق ئارىلاش سوئال قويىدى:

—ھېسام ئاتالار ھېرىپ قالدىمۇ نېمە؟

ھېسام ئۇرە پېتى چاقچاق قەلتۇردى:

—ئات بولسا مەيلىدىغۇ تېيپجان، تازا پىسىر كالىسىغا مىنەۋاپتىكەنمەن...

كۈلۈشمەك ئارىسىدا تېيپجان:

—مەنمۇ شۇنداقمىكىن دېدىم،—دېدى قايىللىق بىلەن. كېيىن يېنىدا ئولتۇرغان مۇھەممەد توخسۇنۇپقا قاراپ دېدى، ـ ئېتىمىز ئوتلۇققۇ بىزنىڭ!

شۇ كۈنلەردە ھېسام غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى تەشكىللىگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىگە قاتنىشىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئۆمەك تېيپجان ئېلىيوفنىڭ «شىنجاڭ ئاممۇۋى مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئاچا» ناملىق كومېدىيىسىنى تەييارلاپ، غۇلجا شەھىرىدە ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيىلەردە ئوينىماقتا ئىدى. ھېسامنىڭ بۈگۈنكى كېچىكىشىمۇ شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ھېسام ئولتۇرۇپ تاماق يەپ بىرەر رومكىنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن، تېيپجان ئۇنىڭغا قارىدى.

—ھە، ھېسام، ئاڭلىسام سەنئەتچى بوپكېتىپتۇ دەيدىغۇ سىنى!

—شۇ، كونا ھۈنەرنى يەنە تېپىۋالدۇق دەڭا تېيپجان، قىردغاندا.

—تېخى ياشقۇسەن، نېمە دەيمىز توخسۇنۇپ، بوز بالا دەيتىتۇقما؟

—بوز يىگىت!

—ھە، بوز يىگىت،—تېيپجان بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى، كېيىن:

—ھە، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسىلەر ئۆمەكتە، ھېسام؟—دەپ سورىدى.

ھېسام شۇنچىلىك ئىتتىك ۋە تەبىئىي ھالدا جاۋاب قايتۇردى:

—شۇ، تېيپجان، ئاچىڭىزنى ئويناۋاتىمىز!

ئالدى بىلەن تېيپجان ئۆزى تىزىغا ئۇرۇپ قىقاس سېلىپ كۈلۈپ كەتتى. ئاجايىپ قاملىشىپ كەلگەن بۇ ئۇشتۇمتۇت چاقچاققا ئولتۇرۇشتىكىلەر تازىمۇ قاتتىق ۋە ئۇزاق كۈلۈشتى.

—ۋاي ھېسام، مەشەلىرىڭ نوچىدە!—تېيپجان ئېلىيوف چىن

ئىخلاسى بىلەن كۆلكىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يېشىنى سۈرتكىنىچە خىتاب قىلدى.ـــ يارايسەن!

ئەتىسىلا بۇ چاقچاق غۇلجىغا، تېز ئارىدا ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلارغا تارالدى.

رەھمەتلىك تىيىپجان ئېلىيوف تاكى ۋاپات بولغىچە سورۇنلاردا، ھېسامنىڭ پارىڭى بولغان يەرلەردە بۇ چاقچاقنى ئۆزى زوقلىنىپ تۇرۇپ، بايانى بىلەن قوشۇپ سۆزلەپ بېرىدىغان.

1980 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ھېسام ئىلى ۋەكىللىرى تەركىبىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىلىرى ۋەكىلى بولۇپ يىغىنغا كەلدى.

ـــ مانا قارا ھېسام، ئاخىر چاقچاقلىرىڭنىڭ راھىتىنى كۆرۈپ-سەندە، ھېلىقى سېنىڭ گەپلىرىڭنى يىغىپ، قاش ـ كىرپىك چىقىرىپ يۈرگەن بالىنى ئۇنتۇما جۇمۇ!

ـــ ياقەي تىيىپجان، ئۇنتامدىغان،ـــ دېدى ھېسام.

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ بىر قىسمى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانى-دىكى «تىيانشان داشا»دا ياتقانىدى. ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە بوش ۋاقىتلاردا، ھەتتا يېرىم كېچىگىچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ھېسام بار ياتاقنى ئاۋات قىلاتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا تەشنا ئىدى.

ئارىلاپ تىيىپجان ئېلىيوف يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن ھې-سامنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كېلەتتى.

ـــ ۋاھ، جامائەت جەمكەندە، ھە ھېسام، قىزىق گەپلىرىڭنى بىزمۇ ئاڭلايلى، قېنى!

مېھمانلار جەنۇبلۇق بۇرادەرلەر ئالغاچ كەلگەن قاق، ياڭاق-لارنى زاكۇسكا قىلىپ، ئىلىلىق ۋەكىللەر ئالغاچ كەلگەن «ئىلى داچۇ»نى ئىچكەچ ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىدىن ھوزۇرلىناتتى.

ـــ تىيىپجان سىزمۇ پاراڭ قىلىڭا، ئاڭلاپ قالىلى،ـــ دەيتتى ھېسام بۇنداق چاغلاردا بەزەن گېپىنى توختىتىپ.

تىيىپجان كۈلۈمسىرەپ، كۆپچىلىككە قارايتتى.

ـــ ھە، قېنى ھېسام، ئۆزلەدىن كېلىۋەرسۇنا، تۇرپانلىقلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «تۇرغانلار تۇرۇپ تۇرسۇن، ماڭغانلارنى يەيلى»، قانداق دېدىم ـ ھە؟

بەزىدە تىيىپجان ھېسامنىڭ تەكلىپىگە ياق دېيەلمەي، كۆپچى-لىككە مۇراجىئەت قىلاتتى:

ـــ دەيمىزمۇ ئەمىسە؟

ۋەكىللەر تۇشمۇتۇشتىن ئاۋاز قوشاتتى.

ـــ ھە، تىيىپجىنىكا، سىزدىنمۇ كەلسۇن!

ـــ ھېسامكام ھېرىپ قالدى.

ـــ ئەمىسە ئىشكنى ياپىدىغىنىدىنلا ئېيتايلىمۇ؟ـــ تىيىپجان ئېلىيوف ۋەزمىن پارىڭىنى باشلاشقا تەرەددۇتلىنەتتى، كىمدۇر ئى-شىكنى يېپىپ كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا تىيىپجان ئېلىيوف ئۆتكۈر ۋە يېڭى لەتىپە، چاقچاقلارنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن سۆزلەپ ھېسامنى ۋە باشقىلارنى قانغىچە كۈلدۈرەتتى.

كەچلىكلىرى تولىراق ۋەكىللەر ئەل ـ ئاغىنە، ئۇرۇق ـ تۇغقان-لىرىنىڭ ئۆيلىرىگە مېھماندارچىلىققا مېڭىشاتتى. ھېسام تولىراق تې-يىپجان باشلىغان يەرلەرگە باراتتى.

ـــ ھېسامكا، بىز بىلەن بىر يەرگە بارسىڭىز قانداق، ساھىبخان تاپىلاپ كېتىۋېدى، ـــ دەيتتى بەزىلەر ھېسامنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

ھېسام نائىلاج قىياپەتتە مۇرىسىنى ئېتىپ قويۇپ چاقچاق قى-لاتتى:

ـــ خاپا بولمايسىلەر، تىيىپجانغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىم.

ـــ ھە، تىيىپجىنىكامما؟ ئەمىسە مەيلى!ـــ تەكلىپ قىلغۇچىلار دەررۇ قايىل بولاتتى.

بىر كۈنى ھېسام تىيىپجان قاتارلىق بىر نەچچە چوڭلار بىلەن ماڭدى. «تىيانشان داشا»نىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ، ھەممەيلەن ما-شىنىلار ئۈزۈلمەي چېپىپ تۇرغان توغرا يولدىن نېرىقى چەتكە بىردىن ـ ئىككىدىن بىر ئامالىلار بىلەن ئۆتۈشتى. كۆپچىلىك قارى-ۋېدى، ھېسام تېخىچە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماشىنىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئاجايىپ قىزىق بىر ھەرىكەت بىلەن نېرى ـ بېرى يۈ-گۈرۈپ يۈرۈپتۇ.

ـــ ھوي، ھېسامكام نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ـــ دېدى بىرى ئەنسىرەپ.





ھېسامنىڭ ھەرىكىتىگە ئەنسىز قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، تېيىپ-جاننىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز يۇمۇرلۇق جاۋاب چىقىپ كەتتى:

ــھېسام ئۇرۇمچىگە كېلىپ مېڭىشنى تۇزەۋاتىدۇ.

ھېسام ئاخىر سالامەت يولدىن ئۆتتى. بايىقى ئوخشىتىشنى چۈرىدەپ بىر پەس چاقچاقلار بولدى. ھېساممۇ بوش كەلمىدى.

ــمەنغۇ خېلى چاققان ئۆتتۇم. تېيىپجان ئۆتكەن بولسا قاتناش ۋەقەسى چىقاتتى.

ــتېيىپجىنىكام سىزدىن بالدۇر ئۆتۈپ كەتتىغۇ ئەنە!ـ بايىقى ئەنسىرىگەن شائىر دەيدەيگە سالدى.

ــشۇ، تېيىپجان يولنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇۋېلىپ قىستاڭچىلىق بوپكەتكەن گەپ، بولمىسا بۇنداق يوللاردىن يۇگۇرۇپ ئۆتىمىز بىز!ــھېسام گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

ئۇلار يولبويى پاراڭ، چاقچاق بىلەن ئالدىرىماي مېڭىشتى، بۇگۇنكى مېھماندارچىلىق دۆڭكۆۋرۈك تەرەپتە ئىدى. يولدا ئۇچرىغان تونۇشلار چوڭلار بىلەن ئۇزمەي سالاملىشاتتى. بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئۇچ يىگىت سالام بىلەن توستى.

ــتېيىپجىنىكا، بۇ ئادەم كىمۇ؟ــيىگىتلەرنىڭ ئىچىدىكى غۇلجىلىق بىرى گەرچە ھېسامنى تونۇسىمۇ، چاقچاق چىقىرىش مەقسىتىدە ئەتەي سورىدى.

ــتونۇمامسىلەر؟ــدېدى تېيىپجان ئېلىيوف،ـ بۇ كىشى سىلەر چاقچاقلىرىنى دەپ يۇرگەن ھېسام شۇ ئەمەسمۇ!

ــيەردە تىك تۇرالمايدىغان ئادەمكەنغۇ!ــيىگىت ھەييارلىق قىلدى.

ــنېمە دەيدىغانسىز تېيىپجىنىكا، ھېسام، ھېسام دېسە قانداق-راق ئادەمكىن دېسەك، يەردە تىك تۇرالمايدىغان ئادەمكەنغۇ!

ــيەردە تىك تۇرالمىغان بىلەن، بىر تېيىنىڭ ئۇستىدە تىك تۇرىدۇ بۇ!ـ دېدى تېيىپجان تەخىرسىزلا.

يىگىتلەر كۇلە ـ كۇلە، ھېسام بىلەن بۆلەكتىن ئامانلىشىپ، بىر مۇنچە چاقچاقلىشىپ يولىغا راۋان بولدى.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ، تېيىپجان غۇلجىغا يەنە بىر كەل-گىنىدە كەمىنە ئۇنىڭ بىلەن بىر سورۇندا كۆرۇشۇپ قالدى.

ــھېسام بارمۇ، يۇرەمدۇ؟ــدەپ سورىدى تېيىپجان سالام-لىشىشتىن كېيىنلا.

ــبار.

ــتېيىپجان مېنى چاقچاقتا چوقۇۋالدى، دەپ بەردىمۇ، دې-مەيدۇ ئۇ ـ ھە؟ــتېيىپجان راھەتلىنىپ كۇلدى.

ــدېمەيدۇــكەمىنە قىزىقىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى.

ــئۇنى بۇدا كۆرگەندە،ـ دېدى تېيىپجان قىزىقچىلىق بى-لەن، ــ «ھېلىقى بىر يىلى ئۇرۇمچىگە بارغاندا ‹تىك تۇرىدۇ› دېگەن چاقچاقنى ئاڭلىغانمىدىڭ ھېسامكا؟» دەپلا قويۇڭ، نېمە دەيدىكىن؟

بىر نەچچە كۇندىن كېيىن كەمىنە ھېسامنى شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئالدىدا كۆرۇپ قالدى.

ــتېيىپجاننى كەپتۇ دەيدىغۇ؟ــسورىدى ھېسام دەررۇلا،ــ كۆرۇشتىڭىزمۇ؟

كەمىنە باشقا گەپ قىلمايلا، ھېسامنىڭ كۆزىگە كۇلۇپ قارىدى ۋە:

ــتىك تۇرىدۇ!ــدېدى.

ــتېيىپجان دەپ بېرىپتۇ!ــھېسام قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى،ــ شۇ قېتىم تېيىپجان مېنى بىر باپلىۋالدى جۇمۇ، چاقچاقتا يامان ئادەم ئۇ!

ئالدىنقى بابىمىزدا سۆزلەپ ئۆتكەن ھېسامنىڭ بېيجىڭ سەپى-رىدىن يېنىپ ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە تېيىپ-جان يەنە ھېسام بىلەن نەچچە كۇنلەر ھەمراھ بولدى. ئۇنى ئول-تۇرۇش، توي ـ تۆكۇنلەرگە بىرگە ئېلىپ باردى، تەڭ چاقچاق-لاشتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى قىممەتلىك خاتىرە بوپقالدى.

شۇ قېتىم تېيىپجان ھېسامنى ھۆكۇمەت ھېسابىدا ياتاققا ئو-رۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ھېسام ياتاقتا خېلى كۇنلەر تۇرۇپ قال-دى. تېيىپجان دائىم ياتاققا كېلىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى ھەمدە تازىلىق، ۋاقتىدا غىزالىنىش ۋە سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىشنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايتتى، يەنە كې-لىپ تېيىپجان بۇ گەپلەرنى چاقچاق تەلەپپۇزىدا ماھىرلىق بىلەن قىلاتتى، ئۇ ھەرقاچان خەقنىڭ كۆڭلىگە، غۇرۇرىغا تېگىدىغان

سۆزلەرنى دېيىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى.

ــ ھېسام، دىققەت قىل ـ ھە، ماۋۇ ياتاقنىڭ يوتقان ـ كۆرپىلىرى ئۆزى مېڭىپ تالاغا چىقىپ كېتىپ قالمىسۇن!

ھېسام تېيىپجاننىڭ تەئەددىسىنى دەرھال چۈشەندى ۋە ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى.

ــ تېيىپجان ئېسىل ئادەم ئىدى، ـ دەيدۇ ھېسام ھازىرمۇ مەرھۇمنىڭ پارىڭى بولسىلا، ـ ئۇنىڭدەك ئادەملەر ئاسانلىقچە چىقمايدۇ جۇمۇ. رەھمەتلىك تېخى تالاي ياشايدىغان ئادەم ئىدى!

**13 ـ باب. يانا سورۇندا**

بۇ ئىلى دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان كەڭ ئالمىزار باغ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەل كونىراپ قالغان نەقىشلىك راۋاق، ئارامبەخش سۇپا، سالقىن، ساپ ھاۋا بۇ يەرنى غۇلجىلىقلارنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان مەشرەپ سورۇنلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرغان.

ــ ئەمىسە مۇشۇ تاپتا ھېسام مەشرەپ سورۇنىدا بارمۇ؟ــ سورىدى يېڭى كەلگەن مېھمانلاردىن بىرى.

ــ بولمىغاندا، ــ دېدى باغۋەن يىگىت زوقى بىلەن، ــ ھېسامكام بولمىغان سورۇندا كۈلكە مۇنداق ئۇلانمايدۇ، ئاڭلاڭا!

مېھمانلار قۇلاق سالدى. دېگەندەك قويۇق ئالما تېرەكلىرى بىلەن چۆمكەلگەن شىپاڭ ياقتىن مىنۇتىغا بىر قېتىم دېگۈدەك دۈرۈلدىگەن كۈلكە ياڭراپ، ئۈزۈلۈپ، داۋام قىلاتتى.

ــ ھېسامكام نېمە دەۋاتىدۇ؟ــ سورىدى ئاپپارات كۆتۈرۈۋالغان بۇدرە چاچ بىر مېھمان. ئۇ مۇخبىر ئىدى، ــ ئەجەب بۇ كۈلكە ھەم تېز، ھەم قىسقا تەكرارلىنىۋاتىدۇ ـ يا؟

باغۋەن يىگىت خاتىرجەم جاۋاب بەردى:

ــ ئولتۇرۇش يېڭىلا باشلاندى. ساھىبخان مېھمانلارنى سىلەر كېلىشتىن سەللا ئاۋۋال ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ بولغان. مانا ئەمدى ھېسامكام شىپاڭدىكى قىرىققا يېقىن مېھماننى بىر ـ بىردىن ئوخشىتىپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى. ھوي راستلا، ئۇنتۇغىنىمنى قارا، قېنى مېھمانلار، شىپاڭغا مەرھەمەت!

مۇبادا بۇ گەپ سەل ئىلگىرى دېيىلگەن بولسا، يىراقتىن كەلگەن بۇ تۆت مېھمان جان دەپ شىپاڭغا، سورۇنغا كىرىپ بارغان بولاتتى. بىراق ھازىر ئۇلار بىر نەرسىدىن تەڭلا ئەنسىرىشىپ، تەكلىپتىن باش تارتىشتى. گەرچە ھېسامنى شۇنچىلىك كۆرگۈسى، چاقچاقلىرىنى ئاڭلىغۇسى بولسىمۇ.

چېچەن باغۋەن، يەنى داربەگ ياقا يۇرتلۇق مېھمانلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەرھال چۈشەندى.

ــ كەچۈرۈڭلار، ــ دېدى ئۇ كۈلۈپ، ــ ھېسامكام ئەزەلدىن باشقىلارنى قوپال ئوخشاتمايدۇ، سىلەردەك مېھمانلارغا بولسا چاقچاقمۇ قىلمايدۇ.

ــ راستمۇ؟ ــ دېدى مۇخبىر ئىشەنمەي.

ــ راست. بولدى، مەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ قوياي، سىلەرگە چاقچاق قىلمىسۇن. قېنى يۈرۈڭلار، غۇلجىغا كېلىپ تاشكۆۋرۈك شىپاڭدا ئولتۇرماي، ھېسامكامنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلىماي كەتسەڭلار، كېيىن پۇشايمان قىلىسىلەر.

مېھمانلارنى قىزىقىش يەڭدى. داربەگ ئۇلارنى سورۇنغا باشلىدى ـ دە، دېگىنىدەك ئايلىنىپ بېرىپ ھېسامنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى.

ھېسام كۈلۈپ كەتتى.

ــ ھوي مېھمانلار، سىيىت نوچىنىڭ يۇرتىدىن كېلىپ، مەندىن قورقۇۋاتامسىلەر، ئازادە ئولتۇرۇڭلار!

سورۇندىكىلەردىن بىرى، ئۇزايىدىن چاقچاقچىلىقى چىقىپ تۇرغان ئوتتۇز ياشلاردىكى مانچىستىر دوپپىلىق، قارلاق يىگىت ئورنىدا لىك ئېتىپ قوزغىلىپ قويۇپ ھېسامغا چاقچاق قىلدى:

ــ ھېسامكا، سەن يامان چىرايلىق ئەمەسمۇ، شۇڭا ئەيمەنگەن پاراڭ!

ھېساممۇ جايىدا تىكلەندى، ئىككى قولىنى بىلىگە تىرىدى، بەئەينى ھۆرپەيگەن خورازغا ئوخشىدى.

ــ ھەي ئاۋاكرى، يەر تېپىلماي ئەمدى شىپاڭدا ھاڭراي دەۋاتامسەن. ھاڭرىساڭمۇ ھاڭرا، ئەمما داستىخان ئۈستىدە قۇيرۇقىڭنى كۆتۈرۈپ يۈرمە جۇمۇ!

كۈلكە ئەۋجلىرى ئارىسىدا ئاۋاكرى دېگەن چاقچاقچى پال كۆزلىرىنى تېخىمۇ يوغان ئېچىپ، كۈلگىنىچە ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ چىقتى، كېيىن ھېسامغا ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ــ ھەي ھېسامكا، سېنى چاقچاققا ئۇستا دەپ قويسا ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ چۈشۈرگىنىڭ راستمۇ؟

سورۇن ئەھلى بىر كۈلۈپ توختىدى ـ دە، «ھېسامكام نېمە دەيدىكىن؟» دېيىشكەندەك جىم بولۇشتى.





ــ ھە، ئەسلىي ساتىراشكەنسەندە؟، ھىھ...،ــ ھېسام ئاغزىنى قورۇپ كۈلدى، كېيىن رەسمىي قايتۇرما چاقچىقىنى باشلىدى:

ــ ھەي ئاۋاكرى، چاقچاقتا يېڭىلىپ قالساڭ مۈشت ئاتقىنىڭ راستمۇ؟

ــ ھېسامكا، ئىككى سەر ئىچىپ، تۆت سەر مەست بولغىنىڭ راستمۇ؟ ـ ئاۋاكرى جايىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى.

ــ ئاران شۇما؟ــ دېدى ھېسام،ــ ھاراقنى بىكارغا ئىچىپ، چاپىنىڭنى يېپىنچاقلاپ ماڭغىنىڭ راستمۇ؟

ــ چاغلىقكەنسەن ھېسامكا، لاباكۇ كىيىۋېلىپ، نەشكەشكە ئۆلپەت بولغىنىڭ راستمۇ؟

ــ ئۆزۈڭ چاغلىقكەنسەناۋاي ئاۋاكرى، بىزنىڭ مالغۇ بۇ؟ نوچى بولساڭ يانچۇقۇڭدىن چىقىرىپ باقە!

ــ بىز چىقارساق يامان چىقىرىۋېتىمىز جۇمۇ ھېسامكا!

ــ ئۇنىغۇ بىلىمەن، داڭلىق ھاياسىز نېمە ئەمەسمۇسەن.

مەنىلىك چاقچاقتىن سورۇندىكىلەر كۈلۈپ ئۈغناپ كەتتى. يېڭى كەلگەن ھېلىقى مېھمانلار ھېسامنىڭ چىرايى، قىياپىتىگە قاراپ كۈلۈشمەكتە، بۇدرە چاچ مۇخبىر ئاپپاراتىنى ئىشقا سېلىپ، ھېسامنىڭ ئوبرازلىرىدىن خاتىرە قالدۇرماقتىدى.

ھېسامنىڭ چاقچاقچىلىقتىكى بىر ئادىتى، تۇتۇۋالغان ئادىمى ۋە تېمىسىنى ئاسانلىقچە بوش قويۇۋەتمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇ بىر نۆۋەتنى ئىچىۋېتىپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن رومكىنى ساقىغا قايتۇردى ـ دە، يېنىدا ئولتۇرغان بىرىنىڭ چېكىۋاتقان تاماكىسىنى ئېلىپ ئىككى شورىدى ۋە يەنە ئاۋاكرىغا يۈزلەندى.

ــ جىمىپ كەتتىڭغۇ ھەي، ئوقۇرغا تۇمشۇقىڭنى تىرەپ قاپسەن دەيمىنا!

ــ ھە، گەپ قىلە ھېسامكا!

ــ گەپ قىلىمىز، ۋاھ، ساڭا گەپ قىلىمىز دەپ كەلدۇققۇ بۇ شىپاڭغا. ھە، راستلا، ئۆتكەندە ئومارتىغا چىققاندا ھەرە تۇتىمەن دەپ بېشىڭغا ھەسەل سۈركىگىنىڭ راستمۇ؟

كۈلكىلەر يەنە باشلاندى.

ــ گەپ قىلە ھېسامكا، ئاۋاكرىنى كۈلدۈرىمەن دەپ غىدىقلىغىنىڭ راستمۇ؟

ــ راست دەيسەن، مەست ۋاقتىڭدا ھەرقانداق چاقچاقتىن قورقمايمەن دەپ ۋارقىراپ، ساقچى كەلسە ئاپام قارا چايغا ئەۋەتكەنتى دېگىنىڭ راستمۇ؟

ــ ماۋۇ يېڭى ئىكەن ـ ھە؟ ـ ئاۋاكرى يېنىدىكىلەرگە بوش ئاۋازدا شۇنداق دېۋىدى، بۇنى ھېسام ئاڭلاپ قالدى.

ــ يېڭى بولماي، نى يېڭىلىرى بار ھەي ئاۋاكرى، ئاڭلاپ تۇر ـ ھە، ساناپ ئۆتكۈزۈۋالامسەن ـ يە؟ ماتروس بولىمەن دەپ شەپكەڭنىڭ ئىدراسكىسىنى يۇلۇۋەتكىنىڭ راستمۇ؟ گەپ قىلە دەيمەن، ھۆپۈپنى يۇڭدىماي يەپ، كۆمۈرنى يۇيۇپ قالغىنىڭ راستمۇ؟ ھاڭرىمايسەنغۇ، ھەرقانداق نوچىنى سىيرىمەن دەپ سىمتاناپ تۇۋرۇككە مۇشت ئاتقىنىڭ راستمۇ؟ ئولتۇرىسەنغۇ قاسقاندىن ئالمىغان دوبازىدەك؟ كىچىچە تانسىغا پىرقىراپ، ئەتىسى ۋاي يۈرىكىم دەپ خىزمەتكە بارمىغىنىڭ راستمۇ؟ تىنىقتىن قالدىڭمۇ نېمە؟ بۇرۇلكامىنىڭ قىرى بۇزۇلمىسۇن دەپ، ئۆرە تۇرۇپ لەڭمەن يېگىنىڭ راستمۇ؟

ــ بولارمىكىن ھېسامكا،ــ دېدى ئاخىر ئاۋاكرى بىر ئۆرەدىنىپ،ـ ماۋۇ يېڭى كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭنى قىلىپ جىم تۇرسام تۇل خوتۇندەك كوتۇلداپلا كەتتىڭا، ھەي ئاغىنىلەر، گەپ قىلىڭلار، نېمە ئانچە تولا كوتۇلدايدۇ ماۋۇ ئەخمەق، ئاغزىڭ قېنى دېسە، گەجگىسىنى كۆرسىتىدىغان ئەخمەق، چاقماق چېقىلسا ئاسمانغا ئوت كەتتى دەيدىغان ئەخمەق. بولدىمۇ ھېسامكا، يەنە دەيمۇ؟

ئاۋاكرى باياتىن جىم بولۇۋېلىپ، ئىچىدە تەييارلىق قىلىۋالغان چېغىۋا، «راستمۇ؟»نى «ئەخمەق» قا ئۆزگەرتىپ، بىر نەچچىنى كەينى ـ كەينىدىن كەلتۈردى. سورۇن بۆلەكتىن جانلىنىپ، كۈلكىلەر يەنە ياڭرىدى. ھېسام خاتىرجەم موخۇركىسىنى چەكمەكتىدى. ئاۋاكرىنىڭ سوئالىدىن كېيىنمۇ ئۇ خېلىغىچە ئۈندىمىدى.

ــ ئەمدى ھېسامكام دېسۇن ھېسامكام!ــ بىرى توۋلىدى.

ــ ھە، شۇنداق، ھېسامكام!

ــ گەپ قىلە ھېسامكا؟

ھېسام ئورنىدا بىر قىمىرلىدى.

ــ ئوقۇڭ تۈگىمىدىما ئاۋاكرى؟ ئەمدى مەيدەڭنى تۇت، ئېشەك ھاڭرىسا دادام ئۆلۈپتۇ دەيدىغان ئەخمەق.

ھە دېگەندىلا قىقاس كۆتۈرۈلدى، بىرىنچى «ئەخمەق»لەر ئاۋاكرىغا ئالامەت ئۇدۇل كەلگەنىدى.

—ھە، گەپ قىلە، ساھىبخانىدىن ئازراق پۇل ئېلىپ قالسا، يېرىم كېچىدە خۇيى تۇتىدىغان ئەخمەق،—دېدى ئاۋاكرى ۋارقىراپ.

—ئوغۇل بالىكەنسەنغۇ، ئۆزۈڭمۇ چاغلىق، ساھىبخان ئازراق پۇل بېرىپ قالسا، يېرىم كېچىدە ئالدىنى توسىدىغان ئەخمەق، قارايسەنغۇ، ساتىراشخانىغا كىرىپ، لەڭپۇڭ سېلىۋېتىڭلا دېگەن ئەخمەق، تىكرەك ئولتۇرە، ھاجەتخانىغا سالام قىلىپ كىرىدىغان ئەخمەق، ماگزىنغا كىرىپ پاختىلىق كۇسار بارمۇ دېگەن ئەخمەق، تولا ئالىيۋەرمە، ھەي خەقلەر ناسۇس سورىسا، يىلى تۆگەپ كېتىدۇ دېگەن ئەخمەق، يەنە گېپىڭ بارمۇ، ھەي تۆگمەنگە زىغىر ئاپارغان ئەخمەق!

—سەنلا گەپ قىلامسەن ھېسامكا، بىزمۇ تىزىپ قويدۇق.

—ئەپچىقە، يەسلى باللىرىڭنى!

ئاۋاكرى ھەدېمەيلا قوقاسقا دەسسىۋالغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ نائىلاج كۈلۈپ تۇرۇپ ھېسامغا قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلىدى.

—سەنمۇ گەپ قىلە، تېرە پۇلكەن دېسە كونا جۇۋىسىنى سۆكىدىغان ئەخمەق!

—گەپ قىلە!—دېدى ھېسام.

—قىلساق قىلدۇق، باشقىلار چاقچىقىنى توپلاپ ئەۋەتسە، پۇلنى مەن ئالىمەن دەيدىغان ئەخمەق!

—ھەي ماخمۇت ئۇكا، ئاڭلاڭ ماۋۇ زوغۇيلۇقنى! قەلەم ھەققىنى نېمە بىلسەن ئاۋاكرى ناۋاي، دۇمبىسىدىن تۈڭلۈك ئاچسا، ئاشقازىنىغا يورۇق چۈشمەيدىغان ئاخماق!

—مەن بىرنى دەيمەن!- ئاۋاكرى ئورنىدىن تۇردى،- ئۆگزىگە ئىككى ھارۋا شاخ بېسىۋېلىپ، كارخانىچى بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق!

—ماۋۇ كىچىككىنە يىگىكەن، يەنە گەپ بارمۇ، چاقچاقتا يېڭىلىپ قالسا، ئۆيىگە بېرىپ خوتۇنىنى ئۇرىدىغان ئەخمەق؟

ئاۋاكرى «ھاۋا... ۋا!» دەپ ئاغزىنى ئالىقىنىغا ئاپاردى.

—ئۆيدىكىلەرنى چىشلەپ تارتمايمىز ھېسامكا، چىدىماسلىق قىلما!

—ئەمسە كەلتۈرە قېنى!—ھېسام جاۋاب قايتۇردى.

—سەن دېگەن بىزنىڭ ئۇستازىمىز دېگىنە ھېسامكا، سەندىن كۆپرەك تەلىم ئېپقالايلى. قېنى نوچى بولساڭ، ئاشۇ «ئەخمەق» تىن توختىماي يەتتىنى كەلتۈرە!

—كەلتۈرەمدىم؟—دېدى ھېسام ۋە يەكتىزگە ئۆزگەردى،— ئاڭلا جۇمۇ!

كېيىن ھېسام تىن ئالماي تۇرۇپ بىر يولى كەلتۈرگىلى تۇردى:

—چېچىنى گەدىنىگە ئۆستۈرۈۋېلىپ، ئالىم بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق!

—يىڭناغۇچقا مىنىۋېلىپ، ئايغا چىقىمەن دەيدىغان ئەخمەق!

—ئىككى پېتىكنى مۈرىسىگە قويۇۋېلىپ، گېنېرال بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق!

—باللارنىڭ سالپاڭ قۇلاقچىسىنى كىيىۋېلىپ، لېيۇتچىك بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق!

—مەست ۋاقتىدا خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، ساقايغاندا يارىشىۋالىدىغان ئەخمەق! ھوي، ھاۋا... ۋا!

—ساق ۋاقتىدا بىر سوم خەجلىگىلى ئۇنىماي، مەست بولسا ئون سوم خەجلىۋېتىدىغان ئەخمەق!

—ئالدىغان قىزى ياراتمىسا، دادىسىغا قىيدايدىغان ئەخمەق!

—كۈلكە پايدىلىق دېسە، ئاغرىق ياتقان چوڭ دادىسىنى غىدىقلايدىغان ئەخمەق!

—ئالدىغا بىرچېلەك سۇنى قويۇپ، ئىسقىرتىپ بەرسە، قورسىقى يېرىلغۇدەك ئىچىدىغان ئەخمەق!

ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان رەڭگارەڭ ئوخشىتىشلار ھېسامنىڭ ئاغزىدىن پىلمۇت ئوقىدەك ئۈزۈلمەي چىقتى. سورۇندا كۈلكە ئۈزۈلمىدى. ئاخىرقى «ئەخمەق» كۈلكىلەرنى ئەۋجىگە چىقاردى. سەۋەبى ئۇ ئاۋاكرىغا دەل تەگكەن ئوق ئىدى. ئاۋاكرى ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئايلىنىپ كېلىپ، ھېسامغا قولىنى ئۇزاتتى.

—رەھمەت ئاكا، رەھمەت!

—تېخى تالاي رەھمەت دەيسەن بىزگە!- ھېسام قولىدىكى ھاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ ئاۋاكرىغا ئۇزاتتى.

—ساڭمۇ رەھمەت ئۇكا!

مۇخبىر يىگىت قاتارلىق مېھمانلار شۇ تاپتا ئۆز قايىللىقلىرى بىلەن ئورتاقلاشماقتىدى.

باغۋەن يىگىت، يەنى دارىبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېسامغا قا-





رىدى.

ــ ھېسامكا، چاقچىقىمىز ئاجايىپ قىزىدى، ئەمدى بىرەر قەـ پەس ناخشا ـ ساز بولسا قانداق دەيسىز؟

ــ تازا ياخشى گەپ، ئاڭلايلى، ـ دېدى ھېسام رازىمەنلىك بىلەن.

تاشكۆۋرۈك شىپاگىدا ئارامبەخش ئىللىق ناخشىلىرى ياڭرىدى. ناخشا ـ سازمۇ بولۇۋەرسۇن، بىز بۇ يەردە ھېسام چاقچاقچىـ لىقىنىڭ يەنە بىر ۋارىسى ئۈستىدە پاراڭ قىلغاچ تۇرايلى:

ھېسامنىڭ چاقچاق ۋارىسلىرى ھەققىدە توختىلىدىكەنـمىز، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر پەرزەنتى، ماخمۇت ھېسام تىلغا ئېلىنىشى لازىم.

ھېسام ئۆز ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم ئۆيلەندى. تۇنجى ئايالى سائاـ دەتتىن تۇغۇلغان، ھازىرقى 3 ـ ئايالى زېمىنخان ئۆز پەرزەنتىدىن چارە كۆرۈپ قاتارغا قوشقان ماخمۇتنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاتىسىنىڭ خۇـ سۇسىيتى، ئالاھىدىلىكلىرى قونغان. ھېسام بىلەن زاماندىشى كىشىلەر بۇنىڭغا قايىل.

ھېسام ئىختىيارسىز ھالدا پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش سىياسىـ تىگە ئەمەل قىلغان، يالغۇز پەرزەنت كۆرگەن ئاتا. بۇ توغرۇلۇق ئۇ ئۆزىنىڭ چاقچاقلىرىدىمۇ توختالغان.

بىر كىشى ھېسامغا دېدى:

ــ ھېسامدىن، بالىنى ئاز تېپىشنىڭ پايدا ـ زىيىنى ھەققىدە سىزدىن سوئال سورىماقچىدىم.

ــ سوراڭ، ــ دېدى ھېسام. ھېلىقى كىشى سوراشقا باشلىدى.

ــ بالا بولسا بىر؟

ــ ئوينايسىز پىر ـ پىر.

ــ بالا بولسا ئۈچ؟

ــ كېتىدۇ كۆپ كۈچ.

ــ بالا بولسا بەش؟

ــ كۆڭلىڭىز بولار تەس.

ــ بالا بولسا ئالتە؟

ــ قانات ـ قۇيرۇقىڭىز كالتە.

ــ بالا بولسا سەككىز؟

ــ غەم ـ غۇسسىڭىز چەكسىز...

ھېلىقى كىشى قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ھېسامنىڭ بۇنداق چاقچاقلىرىدىكى پېرسوناژ بەزىدە ئۇنىڭ ئوغلى ماخمۇت.

ــ بىر كۈنى ماخمۇت مەندىن سورىدى، ــ دەپ چاقچىقىنى ھېكايىلىق باشلايدۇ ھېسام، ــ دادا، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنىڭ پايدىسى بىلەن زىيىنىنى سۆزلەپ بەرگىنە!

ــ بولىدۇ بالام، ــ دېدىم مەن، ــ پىلانلىق پەرزەنت كۆرسە بالا ساغلام ئوخشاش چىرايلىق تۇغۇلىدۇ، پىلانسىز پەرزەنت كۆرسە ماڭا ئوخشاش سەت تۇغۇلىدۇ.

بۇ بىر چاقچاق بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھەقىقەت ئۇچقۇنداپ تۇـ رىدۇ. ماخمۇت ھېسام ھەم چىرايلىق، ھەم ئەقىللىق بالا. ئۇنىڭ ھازىرجاۋابلىقىغا كىشىلەر قايىل. نۆۋەتتە ماخمۇتنىڭمۇ جەمئىيەتتە ئۆزىگە خاس تەڭشارمەنلىرى بار.

ماخمۇتنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرى دەل ھېسامنىڭ جەمئىيەتتىكى چاقچاقچىلىق ئورنى تىكلىنىۋاتقان چاغلارغا توغرا كەلدى. چاقـ چاقچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ھەر كۈنى سورۇنلاردا بولاتتى. ھالبۇكى، ماخمۇتنى بېقىش، تەربىيىلەش شۇ يىللاردا ئۇنىڭ ئۆزىگە قالغانىدى. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھېسامنىڭ چاقچاقچىلىقتىكى ئۇستازلىرىدىن بىرى، مەرھۇم سەنئەتكار زوردۇن شۇەنىڭ ئايالى ماخمۇتنى بىر نەچچە يىل ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى.

ماخمۇت مۇشتۇمدەك چېغىدىن تارتىپلا جانلىق، ئىنكاسى تېز، تىلى چۇچۇك بالا بولدى. ئۇنىڭ گەپلىرىگە تەربىيىچى ئانىسى كۈندە نەچچە قېتىم ياقىسىنى تۇتۇپ قالاتتى.

ــ توۋا قىلدىم، بۇ بالا ھېسامنى كىيىپلا چىقامدۇ نېمە؟

ــ ئادراسمان بارمۇي، ئىسرىق سېلىۋېتەي!

ماخمۇت سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن ھېسامنىڭ يېنىدا تۇردى. ھېسام ئۇنى يېتىلەپ سورۇنلارغا ئېلىپ باراتتى، كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنكاسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

ــ ھەي، ھېسام بالىنى سورۇنغا ئەگەشتۈرمىسە بولاتتى، بالىنى بۇزۇۋالارمىكىن دەيمىنا!

ــ ئوغۇ شۇنداق، بىراق ھېسامغىمۇ ئامال يوقتە. كىچىككىنە بالىنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويسا تېخى!

ــ بۇ بالا دادىسىنى ئەگىشىپ يۈرۈپ، ھېسامنىڭ ئۇدۇمىنى ئالامدۇ تېخى، نەدىن بىلسىلەر؟

ئاخىرقى گەپنى قىلغۇچىلار توغرا بايقاشقانىدى. ماخمۇت

تۆت ـ بەش ياش ۋاقتلىرىدىلا زېرەكلىكىنى نامايان قىلدى.

ـــھەي، سەن كىمنىڭ بالىسى؟

ـــھېسام چاقچاقنىڭ.

ـــچوڭ بولغاندا سەنمۇ چاقچاقچى بولامسىنا؟

ـــدادامنى ئېلىۋېتىمەن، تازا!

سەبىينىڭ گەپلىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدىن تارتىپ ماخمۇت ئۆزىنىڭ زېرەكلىكىنى يەنىمۇ نامايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇ شوخ بولغىنىغا قارىماي، دەرستە ياخشى ئىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ تىنىم تاپماسلىقىدىن قاقشايتتى. بىراق «جازالاش» ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، دەرسنىڭ كەلگەن يېرىدىن سوئال سورىسا، ماخمۇت تىنىمەي جاۋاب بېرەتتى.

ـــبۇ بالا بېشىمىزنى قاتۇرۇۋەتتى،ـ دېگەنىدى ئۇنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى،ـ قاتتىق تۇتايلى دېسەك، دەرستە ئۆتكۈر، تۇتمايلى دېسەك سىنىپ تەرتىپىنى بۇزغىنى بۇزغان.

ماخمۇت ئوقۇيدىغان سىنىپ دائىم ئاۋات ئىدى. تەنەپپۇس ئارىلىقلىرىدا باشقا سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ ياققا يۈگۈرۈيتتى.

ـــيۈرۈڭلار ھەي، ماخمۇتنىڭ گېپىنى ئاڭلايمىز.

ـــھەي كىچىك ھېسام، ئاخشام داداڭ بىلەن نەگە باردىڭ، بىزگە چاقچاق سۆزلەپ بېرە!

ـــئاخشام دادام بىلەن تونۇرچى مەھەللىسىگە بىر ئولتۇرۇشقا بارغانتىم،ـ دەپ چاقچاقلاپ سۆزلەيتتى ماخمۇت،ـ يامان كەچ قايتتۇق.

ـــبالدۇر كېتىمىز، ئەتە مەكتەپكە بارىمەن دېسەك بولمامدۇ داداڭغا؟

ـــنەچچە قېتىم دېدىم، مەستلەر قويۇپ بەرمىسە...

ـــھە، شۇنىڭ بىلەن؟

ـــشۇنىڭ بىلەن يېرىم كېچىدە تۆت كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتساق ئىككى ئادەم بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا بىر نېمىنى ئىككەكداۋاتىدۇ.

ـــنېمىنى؟

ـــكالۋا، قۇلۇپنى بولمامدۇ، مەن دادامدىن «دادا، ئاۋۇ ئادەملەر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىدىم.

ـــداداڭ نېمە دېدى؟

ـــ دادام «تىنچ تۇر بالام، ئۇلار ئىسكىرىپكا چېلىۋاتىدۇ» دېدى. مەن يەنە ئەمىسە نېمىشقا ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازى چىقمايدۇ؟ـ دەپ سورىغاندىم...

ماخمۇت ئەتەي جىم تۇرۇۋالدى، تاقەتسىزلەنگەن بالىلار چۇرقىراشتى:

ـــھە، داداڭ نېمە دېدى؟

ـــگەپ قىلە ھەي ھېسام!

ـــدادامما؟ـــچىرايلىق كۆزلىرىنى ئويناتتى ماخمۇت،ـــئاۋازى ئەتە ساقچىغا بارغاندا چىقىدۇ،ـ دېدى.

ـــھا ـ ، ھا، ھا...ـــچاقچاقلىق كۈلكىلەر سىنىپتا ئەكس سادا ياڭراتتى.

بىر قېتىم كەمىنە كوچىدا ھېسامنى ماخمۇت بىلەن بىرگە ئۇچراتتى. تېتىك، شوخ ماخمۇت ھەدەپ دادىسىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ سەكرەيتتى.

ـــمانا قارا ماخمۇت، مەن ساڭا گېپىنى تولا قىلىپ بەرگەن مېنىڭ چاقچاقلىرىمنى يازغان ئاكاڭ مۇشۇ!

كىچىك ماخمۇت تۇساتتىن جىددىي قىياپەت ئېلىپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن «بىر كۈنى...» دېۋىدى، ھېسامنىڭ ئاۋازىغا قوتمۇقوت ئوخشىدى. كەمىنە ئىختىيارسىز، تەئەججۈپتە كۈلۈۋەتتى. ئارقىدىنلا ماخمۇت يەنە شۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن دادىسىنى دوراپ «كەلگۈسىدە قوياشقا چىقىمىز، قوياشقا!» دېۋىدى، ھېسام ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

ـــ ئەمىسە ئۆزۈڭ توقۇغان چاقچاقتىن بىرنى دەپ باقە،ـ دېدى كەمىنە زوقلىنىپ،ـــدەمدا، ھېسامكا؟

ـــۋاي، دەيدۇ يامان بۇ!ـــھېسام پەخىرلەنگەندەك ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلىدى،ـــقېنى دەپ بەرمەمسەن؟

ـــبىر كۈنى،ـــماخمۇت گېپىنى شۇنداق دەپ باشلىدى ـ دە، تۇرۇپلا كۈلۈۋەتتى. يادىغا ئۆزىنىڭ دادىسىنى دورىغىنى كەلسە كېرەك، ئاندىن ئۇ گەپنى ئۆز ئاۋازى بويىچە داۋام ئەتتىـــبىر كۈنى قوشنىمىزنىڭ مەن كىچىك چېغىمدىن تارتىپ بىللە ئوينايدىغان





بالىسى شوخلۇق قىلىپ بەش تىيىنلىق تۆمۈر پۇلنى يۇتۇۋەتتى. قارىسام ئاغىنەمنىڭ ئاپىسى:

ــ ۋاي قانداق قىلارمەن، ۋاي، بالا بىر نېمە بوپ قالارمۇ؟ ـ دەپ يىغلىغىلى تۇردى.

ــ يىغلىماڭ ئايشەمخىنىدە، ــ دېدىم مەن ئاغىنەمنىڭ ئاپىسىغا، ـ ئەركىنگە ھېچنېمە بولمايدۇ.

ــ راستما بالا ماخمۇت؟ ــ دەپ ئايشەمخان چوڭ ئاپام يىغىسىدىن توختاپ ماڭا قارىدى.

ــ ھېچنېمە بولمايدۇ، ــ دېدىم مەن. ــ ئاڭلىسام داداملارنىڭ ئىدارىسىنىڭ كاسسىرى ھۆكۈمەتنىڭ 1000 سوم پۇلنى يۇتۇۋېلىپ، ھازىرغىچە ھېچنېمە بولماپتۇ.

ماخمۇتنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە ئادەمنىڭ زوقى كېلەتتى. بىر قېتىم ھېسام ئۇنى سورۇنغا ئېلىپ باردى. ئۇ كۈنى ھېسام نېمىشقىدۇر ئاسانلا مەست بولۇپ قالدى. گېزى كەلگەندە شۇنى دېگەچ كېتەيلى، ھېسامنىڭ ئۆمۈربويى ئىچكەن ھارىقىنىڭ ھېسابىنى چىقىرىپ كۆرۈش توغرا كەلسە، ھەرقانداق ئادەم ھەيران قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىچمەيدىغان كۈنى يوق دېيەرلىك. ئادەتتە تامىقى ئىنتايىن ئاز، پەقەت تاماكا دائىملىق زاكوسكىسى. بۇنداق ئادەتلەنمەك ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. شۇنداق قىلىپ ھېلىقى كۈنى ھېسام بالدۇرلا مەست بولۇپ قالدى. كىچىككىنە ماخمۇت دادىسىنى سورۇننىڭ چېتىگە، دالدىراق يەرگە ياتقۇزۇپ يېنىدا ئولتۇردى. ئولتۇرۇش داۋاملاشقانسېرى سورۇندىكىلەر چاقچاقىنىڭ جېدىلىنى قىلغىلى تۇردى.

ــ ئەستا، ماۋۇ ھېسامكام تۇزۇك تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ بەرمەيلا ئۇخلىۋالدا!

ــ بۇنىڭغىمۇ قول قويمىساق بولمايدۇ جۇمۇ، ـ دېدى ناخشىچى ساتتار داۋۇت، ـ بۇنچىلىك ياشقا كەلگەندە بىزلەر ھاراق تۇرماق خېلى ـ خېلى نەرسىلەردىن قېلىپ كېتىمىز.

ــ ئۇغۇ شۇنداق.

ــ ھەي، ماخمۇت، داداڭنى ئويغىتە!

ــ دادامنى ئويغىتىپ نېمە قىلىسىلەر؟ ــ دېدى كىچىككىنە ماخمۇت، ـ چاقچاق قىلىپ بېرەر شۇ؟

ــ شۇدە! ـ دېدى ساھىبخان، ــ ئالايىتەن ئەكەلگەنگە تۇشلۇق...

ــ دادام ئۇخلاۋەرسۇن، ــ ماخمۇت ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، كىيىملىرىنى تۈزىدى، ــ دادامنىڭ ئورنىدا مەن سىلەرگە چاقچاق سۆزلەپ بەرسەم قانداق؟

سورۇننى غاۋۇر ـ غۇۋۇر قاپلىدى.

ــ سەنما، ــ دېدى ساھىبخان ئىشەنمىگەندەك، ــ ما بالىنى قارا!

ــ لەتىپە سۆزلەمسەن، سۇۋارى كەلتۈرەمسەن؟ ــ بىرەيلەن بىلەرمەنلىك بىلەن سورىدى.

كىچىككىنە ماخمۇت دادىسى بايا ئولتۇرغان يەرگە، تۆرگە ئۆتتى ـ دە، ئەپلىككىنە تىزلىنىپ ئولتۇردى.

ــ ئالدىرىما ھۇسەنكا، ــ دېدى، ئاندىن ئاخىرقى سوئالىنى سورىغۇچىغا قاراپ، ــ چاقچاق، لەتىپىمۇ سۆزلەيمەن، سۇۋارىمۇ كەلتۈرىمەن، ھەرقايسىڭنىڭ ئاغزىنى سۇۋاركىلاۋېتىمەن!

سورۇندا كۈلكىلەر، قايىللىق خىتابلار ياڭرىدى. 12 ياشلىق بالىنىڭ جۇرئىتىگە ھەممەيلەن ئاپىرىن ئوقۇماقتا ئىدى.

ــ قېنى پو ئاتماي، بىر ـ ئىككى لەتىپە سۆزلەپ باقە باشتا، ــ دېدى ساتتار داۋۇت جىددىي ھالدا، ــ «ئاتىسى ئاتمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى» دەپ، داداڭ سەنچىلىك ۋاقتىدا سورۇندا مۇنداق سۆزلىمىگەن بولغىيدى!

ــ ھازىرقى بالىلار يامان!ــ ساھىبخان ئېچىدىلا ھەيرانلىق ئىلكىدە ئاۋاز قاتتى.

ــ ھەي ساتتاركا، ئەجەبمۇ قوڭغۇزنى، توڭگۇزنى دەپ كەتتىڭا، ـ ماخمۇت مۇشتۇمدەك بەستى بىلەن ھەر سۆزلىگەندە بىر ئۆرەدەپ چاقچاقنى باشلىدى، ـ ئۆزۈڭچە دۇتارىڭنى مىلتىققا ئوخشىتىپ، دادامنى توڭگۇزدەك ئاتتىڭمۇ ـ يە؟

ــ مانى قارا،ــ ساتتار داۋۇت ئەتراپىغا قارىدى،ــ دادىسىدىن باشلىدا بۇ!

ــ ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدىن باشلاپ بەرمىسەم، ئەمدى مىلتىقىڭنى قوڭغۇزغا قارىتىدىغاندەك قىلىسەن!

ــ يەنچۇ؟

ــ يەنىما؟ــ ماخمۇت كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى،ــ ئەمدى سېنىڭ سېرىقىڭنى چېلىپ رىشالە ئېتىمىز دېگىنە، ساتتاركا!

شۇنداق قىلىپ ماخمۇت دادىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ، سورۇندىكى ھەر بىر ئادەمنى رەڭگى، تۇسى، ئالاھىدىلىكى بويىچە شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئوخشىتىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىنكاسى تېز، گېپى چاقماقتەك، قىلىقى ئوماق ئىدى. سورۇن ئەھلى قايىللىق كۈلكىلىرى ئارىسىدا ئۇنى ماختىشىپ، چىن كۆڭۈللىرىدىن شادلانماقتىدى. بۇ كۈنى ماخمۇت ھەقىقەتەن دادىسىنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇردى ۋە نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ مايسا ھالىتىدىكى تالانتىنى نامايان قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ماخمۇتنىڭ ئۆز ئالدىغا بارىدىغان، چاقىرىلىدىغان سورۇنلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇ ھەم ناھايىتى ياخشى، ھەم ياخشى ئەمەس ئەھۋال ئىدى. ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ماخمۇتنىڭ جەمئىيەتكە، سورۇنلارغا بەكمۇ بالدۇر ئىشتىراك قىلىشى ئۇنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىگە، ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيتتى.

بىر قېتىم كەمىنە بىر ئىش بىلەن ھېسامنىڭ تاشلەپكىدىكى بىنا ئۆيىگە باردى. ئۆيدە ھېسام، زىبەنىنخان، ماخمۇت ھەممىسى تەل ئىدى. بۇ ماخمۇتنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ۋاقىتلىرى بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇ «كۆۋرۈك»، «شادىمان بالىلار» قاتارلىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە رول ئالغان، ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە قىلغان چاقچاق، سۆزلىگەن يۇمۇرلىرى شەخسلەر چىقارغان ئاردلاشما ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىغا كىرگۈزۈلگەنىدى.

ماخمۇت كەمىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا دەرھال چاقچاق قىلدى:

ــ يەنە دادامنىڭ چاقچاقلىرىنى يازغىلى كەلدىڭىزما؟ دادامنىڭ چاقچاقلىرى تۈگەپ قالدى، ئەمدى مېنىڭ چاقچاقلىرىمنى يېزىڭ!

كەمىنىنىڭ بۆلەك گەپ قىلغۇسى كەلدى ـ يۇ، لېكىن تۇرۇپلا باشقا پارالڭ قىلدى:

ــ سەن ساۋاتلىق، بىلىملىك بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭنىڭ چاقچىقىڭنى ئۆزۈڭ يازارسەن!

ماخمۇت كۈلدى.

ــ يالغان دەپ قويدۇم، چوڭ بولغاندا دادامنىڭ چاقچاقلىرىنىمۇ ئۆزۈم يازىمەن.

بىر چەتتە گەپكە قۇلاق سېلىپ جىممىدە ئولتۇرغان زىبەنىنخان ھەددەپ ئېغىز ئاچتى:

ــ بۇ بالىدا ھەر گەپ!

ــ سەن يەنە نېمىنى يازسەن، ماخمۇت ئاكاڭ نەچچە كىتاب چىقىرىپ بولدى،ــ ھېسامۇ ئوڭايسىزلانغاندەك پاراڭغا قوشۇلۇپ قويدى.

ــ ماخمۇت ئۇكام،ــ دېدى كەمىنە ماخمۇتنىڭ چېچەن تۇرقىغا زوقلىنىپ،ــ سېنىڭ ھازىرقى ۋەزىپەڭ ياخشى ئوقۇش جۇمۇ. چاقچاقمۇ، يېزىشمۇ سەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ــ ھە، گەپ قىلىپ قويۇڭا بۇنىڭغا. مۇشۇنداق، ئۆيدە زادىلا تۇرماس بولدى،ــ دېدى زىبەنىنخان خۇشال بولۇپ.

ــ ھەي زىبەنىنخان ئاپا، ئۇ يەر، بۇ يەرگە بارغىنىم بىلەن، ئاش لاپقۇت، سۆز ئۆتنە «قۇرۇق كەلمەيسەن ـ دە بالا ستت!» ـ ھە!ــ ماخمۇت ھەيبارلىق قىلىپ ئاپىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

ــ ھە، بۇنىڭغا يەنە بىر گەپنى دەپ قويۇڭا، بۇ سەھنىلەرگە چىقىپ مېنىڭ ئاۋازىمنى دورايدىكەن، دادىسىنى دورىسا قانداق بولىدۇ؟ــ دېدى ھېسام شۇ ئارىلىقتا.

زېرەك ماخمۇت دەرھاللا چاقچاق بىلەن گەپنى يوپۇتتى:

ــ ئاۋازىڭنى دورىماي، چاقچاقچىلىقىڭنى دورىسامغۇ بولار؟

كىچىككىنە ماخمۇت ئەنە شۇنداق قىلىپ، دادىسىنىڭ چاقچاق ئۇدۇمىنى ئالغانىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغما زېرەكلىكىنى تېخىمۇ نامايان قىلدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانىنى ئۇ ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا بېرىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھېسام ۋە زىبەنىنخاننى خۇشال قىلىپ بېيجىڭغا ئوقۇشقا باردى ۋە ئوقۇشنى ياخشى تاماملاپ، شۇ يەردە خىزمەتتە قېپقالدى.

بىز ماخمۇت ھېسامنىڭ كېلەچىكىدىن تولىمۇ ئۈمىدۋار. تىلەكىمىز، ئۇ ئۆز خىزمىتىدە مول ئۇتۇقلار قازىنىپلا قالماي، كەلگۈسىدە يەنە ئاتىسى ھېسام قۇربانىنىڭ ئىزىنى باسقاي!

## خاتىمە گۈلستانى ①

خەيرىيەت، بىز تالانتلىق كۆلكە داۋانلىرىنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، تاغدىن پەسكە قاراپ چۈشمەكتىمىز.

بۇ بىئوگرافىك ئوچېركنى ئوقۇپ چىققانلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇنچىلىرى بەلكىم ئىختىيارسىز ھالدا مۇئەللىپنىڭ يەنە بىر كىتابى ــ «ھېسام ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومانىنى ئەسكە ئالار!

ئۇنداق بولسا مۇنۇ كىچىككىنە ھېكايىگە قۇلاق سېلىڭ:

2005 ـ يىلى فېۋرال ئېيىدا، يەنى «ھېسام ھەققىدە قىسسە» رومانى نەشردىن چىقىپ يېرىم يىللارچە كېيىن كەمىنە مۇئەللىپ خوتەن ۋىلايىتىدىن كەلگەن بىر خەتنى (خەت نەشرىياتقا ئەۋەتىلگەن ۋە ھەرھالدا تېزلا پېقىرنىڭ قولىغا تەگكەندى) تاپشۇرۇۋالدى. ساددىلىقنى، چۈچۈك تىللىق بۇ خەتنى دىلشاتجان ئوبۇلقاسىم ئىسىملىك بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى يازغان بولۇپ، ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«ھۆرمەتلىك ماخمۇتجان مەمەت تاغامغا: مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپتا ئوقۇيمەن، سىلىنىڭ ھېسام تاغام توغرۇلۇق يازغان كىتابلىرىنى مەن ئالدىنقى كۈنى ئاتام، ئانامlar بىلەن ناھىيىگە بارغاندا بازاردىكى كىتابخانىدا كۆردۈم. خېلى ئوقۇدۇم. ئالاي دېسەم قىممەت ئىكەن، ئاتامدىمۇ پۇل يوق ئىدى، كېيىنچە پۇل يىغىپ قالسام بىرنى سېتىۋالارمەن.

ماخمۇتجان تاغا، ئۆزلىرى يازغان «ھېسام چاقچاقلىرى»نىڭ بىرىنچىسى بىزنىڭ ئۆيدە بار. ئۇكىلىرىم بىلەن دائىم ئوقۇيمىز، دېمەكچى بولغىنىم، ھېسام تاغىنىڭ ھاياتى توغرىسىدىمۇ شۇ كىتابچىلىك كىتاب يېزىپ بەرگەن بولسىلا، مەندەك نۇرغۇن باللار شۇ كىتابنى ئالالايتتى.

مەن كىتاب ئوقۇشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، چوڭ بولۇپ پۇل تاپقاندا نۇرغۇن كىتابلارنى سېتىۋالىمەن.

سىلىنى ئاۋارە قىلدىم، ئۆزلىرىگە سالام يوللاپ:

دىلشاتجان ئوبۇلقاسىم».

شۇ بالىغا ھېلىقى كىتابىمدىن («ھېسام ھەققىدە قىسسە»نى دەيمەن) بىرنى خويمۇ ئەۋەتىپ بەرگۈم بار ئىدى. بىراق دىلشاتجان خەتكە ئادرېسنى سالماپتۇ، كونۋېرتقىمۇ «خوتەندىن دىلشاتجان ئوبۇلقاسىم» دەپلا يېزىپتۇ. ئەلۋەتتە بۇ، رومان نەشردىن چىققاندىن كېيىن مەن بىر مەزگىلگىچە تاپشۇرۇۋالغان خەتلەردىن بىرى.

شۇ خەتنى ئېلىپ ئۇزاق ئۇتمەيلا يەنە بىر ئىش يۈز بەردى. مېنىڭ «ھېسام ھەققىدە قىسسە»ناملىق كىتابىمغا مەبلەغ سالغان مەرد-پەتلىك ئىنىمىز ئەركىن ئىبراھىم پەيدا ئۇيغۇر مەشھۇر كىشىلىرى ھەققىدىكى ئىككىنچى يۈرۈش مەجمۇئەسىنى ئىشلەش ئىزگۈسىيسىدە بولغان ئىكەن، ماڭا تۆت كىتابچىنى ھاۋالە قىلدى. تۆتىنىڭ بىرى ھېسام ھەققىدىكى كىتابچە ئىدى. مەن شۇ چاغدا قانداق تۇيغۇدا بولدۇم بىلەمسىلەر؟ مەن ئەڭ دەسلەپ ھېلىقى چۈچۈك تىللىق خەتنى يادىمغا ئالدىم. ئەركىن ئىبراھىم بىلەن دىلشاتجاننىڭ تەكلىپىنى تەڭلا ئادا قىلالايدىغانلىقىمدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم.

شۇنداق قىلىپ مەن جاھان ئەدەبىياتىدا يېڭىلىق بولمىغان بىر ئۇسۇل بىلەن دەرھال ئۆزۈمگە تولىمۇ تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن ھېسام كەچمىشلىرىنىڭ بىر قەدەر مۇپەسسەل بايانى بولغان «ھېسام ھەققىدە قىسسە» رومانىنىڭ تاللانما قىسقارتىلمىسى بولغان مەزكۇر بىئوگ-رافىك ئوچېركنى ئىشلىدىم.

مانا، مەزكۇر كىتابچىدىكى «مۇقەددىمە بوستانى»دا ئېيتىلغان «بىزنىڭ ئاساسلىق ئوقۇرمەنلىرىمىز بولغان باللار، ئۆسمۈرلەر، ياشلار زور قىزىقىش ۋە ئىشتىياق بىلەن بۇ قىزىق، ئۆزگىچە كەچۈرمىشلەرنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقىنىدا...» دېگەن ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى ئوقۇر-مەنلەر ئەمدى چۈشەنگەن بولۇشلىرى كېرەك!

يەنە شۇ مەبلەغ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك ياكى باشقا سەۋەبلەر بارمۇ، ئۇقمىدىم. ئەركىن ئىبراھىم ئىنىمىز تاكى ھازىرغىچە ئىككىنچى يۈرۈش مەجمۇئەسىنى نەشر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى (ماڭا تاپشۇرۇلغان تۆت كىتابچىنىڭ ئىككىنچىسى بولغان «ئىشقىيار ئۆلمەيدۇ» ناملىق بىئوگرافىك ئوچېركىمۇ يېزىلىپ پۈتەي دەپ قالغانىدى). خوتەندىكى، قەشقەردىكى، ئاقسۇدىكى، ئىلىدىكى... دىلشاتجانلارنىڭ تەلپىگە ھېسام چاقچاق ھەققىدىكى ئەرزانغىنا كىتاب ياسىلىپ چىقىپ كەتكەن بولسا خوش بولار ئىدى، كېيىنچە ئۇمۇ بولۇپ قالار!

خۇشاللىقىمىز شۇكى، ئەجداد مەنىۋى مىراسلىرىنى ھەر جەھەتتىن ئۆزىگە جەملىگەن «مىراس» ژۇرنىلى «كۆلكە داۋانلىرى»غا خېرىدار بولدى ۋە سانمۇسان ئۇلاپ باستى، يەنە بىر يېڭىلىق شۇكى، بىئوگرافىك ئوچېركقا ھېسام قۇربانغا دائىر نۇرغۇن قىممەتلىك سۈرەتلەر (كۆپ قىسمى) تۇنجى قېتىم بېرىلدى. «مىراس» ژۇرنىلىنى ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان سان ـ ساناقسىز چوڭ ـ كىچىك ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ سۈرەت-لەردىن ھەر زامان راھەتلىك كۆلكە ئىچىدە بەھرە ئالغاي ۋە ئەۋلادلارغا بەھرە ئالغۇزغاي!

2006 ـ يىل، سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

---

①مەزكۇر بىئوگرافىك ئوچېركنىڭ «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن «خاتىمە گۈلستانى» باشقىدىن يېزىلدى.
ئاپتور: شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا.



مەمتىمىن ئابدۇخالىق

# چۆچەك جىر مەدەنىيىتى



جىر ــ تاتارچە سۆز بولۇپ، سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى كۈي، قوشاق دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

جىر ــ ئېيتىلىش ئۇسلۇبىغا قاراپ بالامىسكىي، سىگا-نۇشكا، كۆزلەرىك، قاز قاناتى قاتارلىق بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ تېكىستلىرى، ئېيتىلىش ئۇسلۇبى، رىتىمى ۋە مۇزىكىنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى قا-تارلىق تەرەپلەردىن بەلگىلىك پەرقلىنىدۇ. جىر (جىرلاش) شىنجاڭ رايونىغا، بولۇپمۇ، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرگە تاتارلار ئارقىلىق كەڭ تار-قالغان.

جىر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاساسەن ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك رايونلىرىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەرقايسى رايونلار ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ئۆزلىرىگە خاس جىرلارنى (قوشاقلارنى) ۋە جىرلاش ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن.

چۆچەك شەھىرى كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان جاي. چۆچەك شەھىرىدىكى ئۇيغۇر مىللىتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن كۆچۈپ كەلگەن تاتار مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت، تىل، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتىكى تەسىرىگە ئۇچراپ ئۆزگىچىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئەلۋەتتە، بۇ تەرەپلەردىن تىل تەتقىقات خىزمىتى بىر قە-دەر چىڭ تۇتۇلۇپ ئىشلەندى ۋە داۋاملىق ئىشلەنمەكتە.

چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ جىر جىرلاش تارىخى ۋە ئۆزگىچە جىر جىرلاش ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، بۇ، چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىپىك بىر يەرلىك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. چۆچەك ئۇيغۇرلىرى مۇشۇ خىل ئۆزگىچە-لىكىگە ئاساسەن چۆچەك جىر مەدەنىيىتىنى شەكىللەن-دۈرگەن. مەن بۇ ماقالىدە چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنە ئاشۇ ئۆزگىچە جىر مەدەنىيىتىنى ئەمەلىي ئىزدەنگەنلىرىم ئاساسىدا ئىگىلىگەن دەسلەپكى كۆز قاراش ۋە مۇلاھىزى-لىرىمگە ئاساسەن توختالماقچىمەن.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە دەپ ئۆتۈش كېرەككى، مەن ماقالىنى يېزىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن جىر توپلىدىم. بۇ-نىڭ ئۈچۈن نامىنى ئاڭلىغان جىرچىلاردىن 80 ياشلىق مومايدىن تارتىپ 50 ـ 60 ياشلىق ياشانغانلار ۋە بىز دېمەتلىك ياشلارنىمۇ زىيارەت قىلىپ 200 پارچىغا يېقىن جىرنى تاللاپ ھېچقانداق ئۆزگەرتمەستىن قانداق ئېيتىلسا شۇنداق يازدىم.

چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ جىرى تاتار، ئۇيغۇر، قازاق، رۇس تىللىرىنىڭ ئارىلىشىشىدىن تەركىب تاپقان جىر بو-لۇپ، بۇنى نوقۇل بىر مىللەتنىڭ جىرى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ ماقالىدە چۆچەك ئۇيغۇرلىرى جىرلىغان جىرلارنى قىسقارتىپ چۆچەك جىرلىرى دەپ

ئالدىم.

چۆچەك جىرلىرىنى دەۋر ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى-نىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1 ـ باسقۇچ: ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى، يەنى 1930 ـ ، 1940 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينى، بۇ مەزگىللەردىكى چۆچەك جىرلىرى ئاساسەن تاتارچە، رۇسچە، تاتارچە ـ ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە ئارىلاش جىرلاردۇر. هازىرقىلار بۇ جىرلارنى چوڭلاردەك جىرلىيالمايدۇ.

2 ـ باسقۇچ: ئازادلىقتىن كېيىنكى، يەنى 1970 ـ يىل-لاردىن كېيىنكى مەزگىل. بۇ مەزگىلدىكى جىرلار 1) تا-تارچە؛ 2) ئۇيغۇرچە ـ تاتارچە، قىسمەن رۇسچە؛ 3) قا-زاقچە ئارىلاش جىرلاردۇر. شۇڭا، چۆچەك جىرلىرىنى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ جىرى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇمۇ خۇددى چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللەندۈرگەن ئارى-لاشما تىلىغا ئوخشاش ئارىلاشما جىردۇر.

مەسىلەن:

ئېلېكترنىڭ ئەي يورىقى،
كۆز نۇرىنى ئالادۇ.
بىزنىڭ بولاي ئولتۇرۇمىز،
نافامىتكە ① قالادۇ.

مانا قاراڭ بۇ جىرنى كىممۇ ئۇيغۇرچە، تاتارچە، قا-زاقچە ياكى رۇسچە جىر دەپ ئېيتالىسۇن.

چۆچەك جىرلىرى چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئايرىلماس دوستى بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان چۆچەك خەلقىنىڭ مۇڭلىرىغا مۇڭ، سەپەرلىرىگە هەمراھ، غېرىبلىقتا (يال-غۇزلۇقتا) سىرداش دوست، مۇھەببەتنىڭ كۆڭۈل ئىزهارى، دوستلۇق ئەسلىمىسى، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ كارتىنىسى بو-لۇپ، ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ، بىردە كۈلدۈرۈپ، بىردە (ئۈنسىز) يىغلىتىپ كەلگۈسىگە زور ئۈمىد، ئىشەنچ، غەي-رەت بېغىشلاپ كەلمەكتە.

چۆچەك جىرلىرىغا چوڭقۇر مەنالار يوشۇرۇنغان بو-لۇپ، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىسىڭىز، مەنىسىنى چۈشەنسىڭىز ئاجايىپ تارىخنى، گۈزەللىكنى، ياشلىقنى، مۇھەببەتنى، دوستلۇقنى هېس قىلالايسىز.

مەسىلەن:

دوستلارىم، ئېي دوستلارىم،
دوستلارىم ـ باغىرلارىم.
ياشلىق دەۋر كەلمەس ئىككى،
بىلىڭىز قەدىرلەرىن.

مانا بۇ جىردا بىزنى دوستلۇقنى، ياشلىق دەۋرنى قەدىرلەشكە چاقىرىق قىلسا:

قارا كۆزۈم، قوي كۆزۈم،
باردۇر سىزگە كۆپ سۆزۈم.
سۆزلەرىمنى ئېيتالمادىم،
كۆكرەككىدە بىل ئۆزۈڭ.

قاشلارىڭغا قارىيمەن،
كىرپىكىڭنى سانىيمەن.
مەخەببەت گۈلىڭنى ئالىپ،
كۆكرەكىمگە قادىيمەن.

مانا بۇ ئىككى كۇپلېت جىردا دەل يۈكسەك مۇھەب-بەت، پاك ئەقىدە كۈيلەنگەن.

چۆچەك شەھىرىدىكى هەر مىللەت خەلقى جىر جىر-لاشنى ناهايىتى ياخشى كۆرىدۇ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار. ئۇلار بوش ۋاقىتلىرىدا، ئولتۇرۇش، توي ـ تۆكۈن، دەم ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى يىغىلىشلاردا ئۆزئارا جىرلىشىدۇ. جىر جىرلاش چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئە-نىۋى ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن سەنئەت شەكلى. شۇڭا، خۇددى غۇلجىلىقلار چاقچاققا ئۇستا بولغاندەك چۆچەك-تىكى ئۇيغۇرلار جىر جىرلاشقا ئۇستا كېلىدۇ.

جىر خۇددى قوشاقلار، چۆچەكلەر، ماقال ـ تەمسىللەر ۋە لەتىپىلەرگە ئوخشاش خەلق تەرىپىدىن ئورتاق ئىجاد قىلىنىپ تارايدىغان، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق ۋە تەربىيە بېرىدىغان سەنئەت تۈرى بولۇپ، سەنئەتنىڭ باشقا تۈر-لىرىگە ئوخشاش قويۇق يەرلىك ئالاهىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. گەرچە جىر جىرلاش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ هەممىسىگە ئورتاق بولمىسىمۇ، چۆچەك ئۇيغۇرلىرى باشقا رايونلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا جىرنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. تېخىمۇ جىرچى كېلىدۇ، مۇنۇ جىرغا قاراڭ:

جىرلا جىرلا دەپ ئايتاسىن،
جىر چاچمادىم باخچاغا.
جىر چاچماسامدا باخچاغا،
ساتىپ ئالمىيىم ئاخچا ② غا.

جىرلا، جىرلا دەپ ئايتاسىن،

جىرلامايسىن ئۆزىڭىز.
كۆيدۈرەدۇ، ياندۇرادۇ،
جىرلا دېگەن سۆزىڭىز.

بۇنىڭدا، بىر تەرەپتىن چۆچەكلىكلەرنىڭ جىرغا ئۇستىلىقى مەدھىيىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن چوڭقۇر مۇھەببەت كۈيلەنگەن.

چۆچەك جىرلىرى ئۇيغۇر، تاتار، قازاق، رۇس تىللىرى ئارىلاش ئېيتىلغاچقا، يەنى بىر تەرەپتىن ئېيتىلىش رىتىمى بىرقەدەر تېز بولغاچقا باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر بىر ئاڭلىماققا ئاسان چۈشىنەلمەيدۇ. پەقەتلا ئېيتىلىش ئۇسلۇبىغا، ئاھاڭىغا، ھەر خىل قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ئاجايىپ جىرلايدىكەن، جىر چىكەن دەپ چۈشىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە چۆچەك جىرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئاشۇ جىرلارغا يوشۇرۇنغان مەنادا. بۇ تەرىپىنى چوڭلار بەكرەك چۈشىنىدۇ. كۆپ سانلىق ياشلار ئاشۇ جىرلارنى ئۆگىنىپ، دوراپ ئېيتىشىدۇ. ئەمما ئاشۇ جىرلارغا يوشۇرۇنغان مەناغا، چوڭقۇر ھېسسىياتقا، جىرلارنىڭ ئەھمىيىتىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ.

مەسلەن:

ئېرتە ③ تۇرۇپ سىرتقا چىقسام،
قىيا تۇگۇل ئايدا يوق.
مۇڭايما ④ باشىم ئېي خىيال قىلما،
مۇڭايىۋدا پايدا يوق.

ئاي تۇۋغاندا تۇۋۇلمادىم،
ئايداي نۇرلى بولمادىم.
ئايداي نۇرلى بولماسامدا،
ئايداي مۇڭسىز بولمادىم.

ئۆسسە قايىن، ئۆسسە قايىن ⑤ ،
ئۆسسە قايىن ياپراقسىز.
قانداق ئادەم ئۆتەر ئىكەن،
قايغۇسىز، خەسرەتسىز.

بۇ جىرلار ئۆزىگە مەلۇم بىر قايغۇلۇق يىللارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. ئەلۋەتتە، بۇنداق جىرلارنى كەلسە ـ كەلمەس ۋارقىراپ، كۈلۈپ ئېيتىشقا تازا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇڭا كۆپ جەھەتتە ياشلار چوڭلاردىن ئۆگىنىپ جىرلارنى كەلسە ـ كەلمەس ئېيتماي مەنىسىگە، سورۇنغا، شارائىتقا بېقىپ ئېيتىشنى، ئېيتىش ئۇسلۇبىنى، تېكىستلىرىنى تولۇق مۇكەممەل ئۆگىنىش كېرەك.

چۆچەك جىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ خۇددى خەلق قوشاقلىرىدەك ئۆزىنىڭ ھەر بىر كۇپلېتىدا، ھەر بىر مىسرالىرىغا كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى، چۆچەك رايونىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئالاھىدىلىكىنى، تارىخىنى، خەلقىنىڭ تۇرمۇش، مەدەنىيىتىنى مۇجەسسەملەپ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۈزۈلمەس سەھىپىسىنى ياراتقان.

تارباغاتاي، بارلىق باقتى،
سۇلارى تىنىپ ئاقتى.
قايغۇرماڭىز دوسكايلارىم،
ئالداغى كۈنلەر ياقتى.

تۆۋەندە توپلىغان چۆچەك جىرلىرىنى تاللاپ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇش ئۈچۈن، مەزمۇنىغا قاراپ تۈرلەرگە ئايرىپ كۆرستىپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۈم.

**1. مۇھەببەت جىرلىرى:**

چۆچەك جىرلىرىنىڭ ئىچىدە مۇھەببەت جىرلىرى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

مەسلەن:

ئال مەخەببەت، گۈل مەخەببەت،
باشقا پۈتكەن جەراخەت.
سېنىڭ كۆڭلۈڭ مېندە بولسا،
كۆڭۈلدە بىر شۇل رەخەت.

ئال گەرەبە، گۈل گەرەبە،
بايلانار بىلەكىڭنە.
مەخەببەتتىڭ خەنجەر بولۇپ،
قادىلار يۈرەگىممە.

قالىن ⑥ ، ئورمان ئورتاسىندا،
ئۆسەردىلەر ئالماغاش ⑦ .
ماتۇرلىغىڭ ⑧ نىگە خەجەت،
مەخەببەتتىڭ بولماغاش.

ئورال يىلغالارى ⑨ بولسام،

ئورالسپ ئاغار ئىدىم.
يامغۇر تامچىلارى بولسام،
ئالدىڭغا تامار ئىدىم.

ئاي يۇغارى، ئاي يۇغارى،
ئايغا مىنەسىم كېلە.
ئايغا مىنىپ تۆمەن قاراپ،
سىنى كۆرەسىم كىلە.

قاراڭگۇرنىڭ ⑩ بويىندا،
يالغۇز يۇرسىم كېلە.
سۇيەسىڭمە سۇيمەيسىڭمە،
شۇنى بىلەسىم كىلە.

كۆزلەرىڭدە ماگنىت بارما،
مىنى ئۆزۈڭگە تارتاسىن.
مىندە سونداي سارغايامىن،
سىن تاغى سارغايتاسىن.

ئاچ دىرەزە، كۆتەر پەردە،
كۆرەي زىلۋا بويىڭنى.
مىن ئەۋلىيا بولماسامدا،
بىلەم سىنىڭ ئويىڭنى.

ئاپرېلمىكىن، مارتمىكىن،
بۇدا ماڭا دەرتمىكىن.
سۆيەم، سۆيەم دىپ (دەپ) ئايتەسىن،
سۆيۆلەرىڭ راستمىكىن.

تاڭ تاڭاتار، تاڭاتار،
تاڭنى چولپان ئوياتار.
سۆيگەن يارىڭ ياخشى بولسا،
سىلاپ ـ سىيپاپ ئوياتار.

بىيىك ئۆكچە ⑪ توپلى كيسەم،
ئۆسۈپ كەتكەندەي بولام.
سىن باغرىمنى ئويلاغاندا،
ئۆلۈپ كەتكەندەي بولام.

بىيىك تاۋغا⑫ چىغاي دىسەم،
تارتمىيسىڭ بىلەگمىنەن.
تامر⑬ يايغان گۈللەر ئوخشاش،
كىتمىيسىن يۇرەگمىنەن.

2. سىغنىنش تۇسنى ئالغان جىرلار:

ئۇستۇڭدەگى كاستۇمىڭنى،
كىرىپ قويچى كىرمە⑭ گە.
بىزنىڭ بۇلاي ئولتۇرۇۋىمىزنى،
ساغنارسىز ئىرتەگە ⑮ .

مىنىڭ ساچىم بىلمىدە يوق،
ئانام ئۆرۈپ كۆرگەن يوق.
كەتتىڭ يىراق قالدىم يىغلاپ،
خەۋرىڭنى بىلگەم يوق.

كۆلمەكلەرىم ⑯ كۆلمەكلەرىم،
كۆرنەر بىلەكلىرىم.
سىن بەغرىنى ئويلاغاندا،
ئىزىلەر يۇرەكلەرىم.

قارا تاراق⑰ ئىبى ئالساڭچۇ،
قارا چاچنى تاراۋغا.
رەسمىڭنى ئىبى بەرسەڭچۇ،
ساغىنغاندا قاراۋغا.

سالداتسكىي⑱ سارى رىمىن ⑲ ،
قىسادى بىللەرىمنى.
ياز كۈنلەرى، قىش كۈنلەرى،
ساغىنام ئىللەرىمنى ⑳ .

سالدات كيەر سارى ئىتىك ㉑ ،
قونجالارى ㉒ تار ئىتىك.
بىز سالداتقا كىتكەن چاغدا،
دوستلار قالدى زارى ئىيتىپ.

قالىن ئورمانغا كىرگەن چاغدا،
گىتتارىم قوللارىمدا.



2007 3

سۇغا تىلىمىرگەن قۇشلارداي،
تىلىمىرەم يوللارىڭغا.

ئاباپو ئاللا خەيرەن ㉓ بولام،
سۇداغى قۇندۇزلارغا.
سېنى ساغىنساڭ ئايغا قارا،
مېنى ساغىنسام يۇلتۇزغا.

**3. ياشلىق كۈيلەنگەن جىرلار**

دوستلارىم، ئېي دوستلارىم،
دوستلارىم ـ باغىرلارىم.
ياشلىق دەۋر كەلمەس ئىككى،
بىلىڭىز قەدىرلەرىن.

تاغىن، تاغىن تاغىندا، ㉔
داۋۇت ئاخۇن باغىندا.
ئاشادا ㉕ ئىچ، ئۇينادا كۈل،
ياشلىق دەۋر چاغىندا.

ئويلى كۆڭلۈم، ئويلى كۆڭلۈم،
ئويلى كۆڭلۈم خامانى.
ئويلى كۆڭلۈم شۇ خامانى،
ئۆينىيق ياشلىق زامانى.

ماشىنالار كېتىپ بارار،
توزاڭى توزۇپ بارار.
بىلەرسىزمۇ، بىلمەيسىزمۇ،
ياش ئۆمۈر ئۆتۈپ بارار.

**4. «جىر» سۆزى ئاساس قىلىنغان جىرلار**

جىرلا، جىرلا دەپ ئايتاسىن،
جىر چاچمادىم باغچاغا.
جىر چاچماسامدا باغچاغا،
ساتىپ ئالمىيم ئاقچاغا.

جىرلا، جىرلا دېيەرسىز،
جىر جىرلاسام كۈيەرسىز.
بىر ـ ئىككى ئاۋۇز ㉖ جىر جىرلاسام،
تاغىن ㉗ جىرلا دېيەرسىز.

**5. تەربىيە ۋە تەسەللى بېرىش تۈرىدىكى جىرلار**

ئالمالار ئالما كەيىم ㉘ ،
خۇرمەلەر خۇرمەكەيىم.
مە قولياغلىق سۇرت كۆز ياشىن،
يىغلاما باغىركەيىم.

ئۈستۈمدەگى كاستۇمىنىڭ
ياقاسى قارا بارقۇت ㉙ .
بولما ماتۇر، بول بەختلى،
بەختلى بولىۋ ئارتۇق.

بېيىك، بېيىك تاۋلار بار،
تاۋ ئاستىندا تاللار بار.
تالدا ياپراق، مىندە خەسرەت،
سېيىندە نىچۈك ھاللار بار.

دۇنيا، دۇنيا دېمەڭىز،
دۇنيا غېمىنى يېمەڭىز.
ۋاپاسىز بۇ دۇنيادا،
رەخەت كۆرەم دېمەڭىز.

**6. «چۆچەك» تىلغا ئېلىنغان جىرلار**

ئىلىم ㉚ چەۋچەك، يۇرتۇم چەۋچەك،
چەۋچەكتە تۇرماسامدا.
بىر ـ ئىككى ئاۋۇز بىرەم جىرلاپ،
جىرۇچى بولماسامدا.

چەۋشەگىمنىڭ ئەي كۆشەسى ㉛ ،
بۇرما ـ بۇرما مۇنشاسى.
چەۋشەكىنىڭ ئەي باللارى،
قىزىل گۈلنىڭ غۇنچاسى.

چەۋشەگىمنىڭ ئاي قالاسى ㉜ ،
قالىن ئورمان دالاسى.
چەۋشەگىمنىڭ ئاي قىزلارى،
كۆز نۇرۇمنىڭ قاراسى.

چەۋشەگىمنىڭ ئاي قالاسى،
قالىن ئورمان دالاسى.
قايدا بارسا ئۆكىرتەدى㉝ ،
مىسكىن چەۋشەك بالاسى.

CCCPدېپ ئاي جازىلغان،
سوۋېت ئاخشالارىنا.
ئامان بولساق كۆرىشەرمىز،
چەۋشەك باخشالارىندا.

تال ㉞ ئاراسى، تال ئاراسى،
تالدا بۇلبۇل بالاسى.
گارمۇن تارتىپ جىر جىرلاغان،
مىسكىن چەۋشەك بالاسى.

**7. مەسخىرە قىلىش تۈرىدىكى جىرلار:**

دوستۇم ئۆزۈڭ قالايسىن،
بۇرالاپ ئۆسكىن تالدايسىن.
ئاغزىڭ مايماق، كۆزۈڭ قىيسىق،
كۆلۈپ كىمنى ئالدايسىن.

ئېي ئىلىندىڭ، ئىلىندىڭ ㉟ ،
پۇتاغىنا ㊱ چالىندىڭ ㊲ .
جىرۇۋىڭنىڭ باسنى ئايتىپ،
ئاخىرىندا ياڭىلدىڭ ㊳ .

**8. خۇشاللىق، تەبرىك تۈرىدىكى جىرلار:**

مىسكىن كۈيى، مىسكىن كۈيى،
مىسكىن كۈيى كۆڭىللى.
مىسكىن كۈيلەرىنە جىرلاپ،
كۆتەرەيىك كۆڭىلنى.

تارت گارمۇنىڭ، گارمۇنىڭنى،
قارتاسىن قاتتى㊴ باسىپ.
مۇڭىندا بار، مۇڭسىزدا بار،
مۇڭلىنىڭ كۆڭلىن ئاشىپ.

تاڭ ئاتقانىنى شۇندان بىلەم،
كۆكتەگى ئاقلىق بىلەن.
بارچەڭىزنى تەبرىك ئېتەم،
بۈگۈنكى شادلىق بىلەن.

**9. جىرلاش نۆۋىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش جىرلىرى:**

قولۇمداغى بېش ئاتارنى،
بېش㊵ ئوق بىلەن ئوقلىيىن.
دوسكايلارىم جىرلار بولسا،
ئۆشرەتىن ㊶ بېرەيىن.

ئوڭ يانىمغا قاراسام،
ئەكبەر ئولتۇر ياناشا.
ياناشاغا بېرچى جىرلاپ،
بولسىن قىززىق تاماشا.

ئالتىسارتنى㊷ ئوراپ تۇرغان،
سۆگەت بىلەن قارىياغاچ.
(خالىغان ئادەمنىڭ ئىسمى ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:)
ئابدۇخالىق جىرلار بولسا،
ئىگىلەدۇ ئالماغاچ.

بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەن چاغدا،
سالىپ كىر كالاچىڭنى.
ئايخاي دوستۇم بېرشى جىرلاپ،
ساغىنىدىق تاۋۇشىڭنى.

باشىڭداغى ئېي شەپكەڭنى
ئوڭغا، سولغا قىرلاشى.
دوسكايلارىم تىڭلاڭىزلار،
(خالىغان ئادەمنىڭ ئىسمى ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:)
ئۆتكۈر دوستىم جىرلاشى.

**10. تويلاردا ئېيتىلىدىغان جىرلار:**

ئانا تاۋۇنىڭ ئار ياغىندا،
ئەخمەتباينىڭ قويلارى.
قۇتتى بولسىن، مەرەك ㊸ بولسۇن،
ئىككى ياشنىڭ تويلارى.

ئىككى جېيرەن ㊹ پار كېلگەن،
جىلكە قامتى ㊺ تار كېلگەن.

تابىلمىدى بۇ دۇنيادا،
ئىككەۋىڭىزدەي (46) يار كېلگەن.

**11. دوستلارغا بېغىشلانغان جىرلار:**

بالامسىكىن كۆيىنە،
جىرلىتۇرغان غەدەتىم (47) .
تىلىم بىلەن تاماغىما (48) ،
دوستلار بېرسىن مەدەتىن.

ئۈينا دوستۇم گارمۇنىڭنى،
مەن جىرلاغان كۈيلەرگە.
سەن جىرلاغان مەن ئۈينىغان،
قالسىن ساغىنىپ سۆيلەرگە (49) .

**12. ئاق كۆڭۈللۈك، كەمتەرلىك، سەممىيلىك مەدھىيلەنگەن جىرلار:**

تاۋ باسىندا بۆدەنە،
ئوڭ ئاياغىن كۆتەرە.
جىرۇ بىلەم دەپ جىرلامايمەن،
جىرۇ كۆڭىل كۆتەرە.

**13. تەنبىھ تۈرىدىكى جىرلار:**

ئەي باللار ئولتۇرۇپسىز،
قىرقازىنداي (50) تىزىلىپ.
جىرلا دېسە جىرلىمايسىز،
ئولتۇراسىز سىزىلىپ (51) .

ئالما تۈۋىدە ئولتۇرماڭىز،
ئالما چۈشەر باشىڭغا.
يار ئۈستۈنە يار سۆيسەڭىز،
قايغۇ چۈشەر باشىڭغا.

**14. ئايرىلىش مەزمۇن قىلىنغان جىرلار:**

بىرگە تۇردۇق، بىرگە يۈردۇق،
تال تامىرلار سېكىلدى (52) .
مىنە ئەمدى ئايرىلدۇق،
قۇش بالاسى سېكىلدى.

خوش، ئېسەن بول، خوش، ئامان بول،
خوش ئېسەن بول كۆرمەسەك.
يەنە بىر كۈن كۆرۈشەرمىز،
ئەجەل يېتىپ ئۆلمەسەك.

**15. دەرد، ئاغرىق تېما قىلىنغان جىرلار:**

ئاتىم بار، يۈگەنىم يوق،
دەردىم بار، دەرمانىم يوق.
دەردىمگە دەرمان قوشۇلسا،
ئۆلسەمدە ئارمانىم يوق.

**16. ئەسلىمە تۈرىدىكى جىرلار:**

ئاتلارىم، ئاتلارىم،
ئاتلارىم، يۈگەنلەرىم.
ئۆكۈنۈشكە قالارمىكىن،
دۈركۈرۈتۈپ يۈرگەنلەرىم.

ساندۇغاشىم (53) سايراماشى،
ئۆزەگىمنى ئۆزمەشى.
ئۆنتۈلغان شۇ ياشلىقىمنى
ئېسىمە (54) چۈشەرمەشى.

**17. ئارزۇ – تىلەك تۈرىدىكى جىرلار:**

ئالما بىلەن بال ئاشسىن،
بال تەتىرەك (55) ئالمادان.
يالغۇز تىلەك بولمىي قابىل،
بىرگە تىلىيك (56) ئاللادان.

**18. رەڭلەرگە تەقلىد قىلىنغان جىرلار:**

مېن دوستۇمنى بىر كۆرگەندە،
كۆلمەگى ئاپپاق ئىدى.
ئاپپاق كۆلمەك كىيگەن دوستۇم،
ئاق كۆڭۈل بالا ئىدى.

مېن دوستۇمنى بىر كۆرگەندە،
كۆلمەگى قارا ئىدى.
قارا كۆلمەك كىيگەن دوستۇم،
قايرىلىپ قارار ئىدى.

مېنى دوستۇمنى بىر كۆرگەندە،
كۆلمەكى يەشىل ئىدى.
يەشىل كۆلمەك كىيگەن دوستۇم،
يەشكىنە بالا ئىدى.

مېنى دوستۇمنى بىر كۆرگەندە،
كۆلمەكى سارى ئىدى.
سارى كۆلمەك كىيگەن دوستۇم،
سابىرلى 57 بالا ئىدى.

مېنى دوستۇمنى بىر كۆرگەندە،
كۆلمەگى چىپار ئىدى.
چىپار كۆلمەك كىيگەن دوستۇم،
ئالدىمدان چىقار ئىدى.

مېنى دوستۇمنى بىر كۆرگەندە،
كۆلمەگى چاقماق ئىدى.
چاقماق كۆلمەك كىيگەن دوستۇم،
چاقچاقچى بالا ئىدى.

**19. جىر ئارىلىقدا ئېيتىلىدىغان ئارىلىق جىرلىرى**

جىرلىغۇچى جىرلىغاندا ئارىلاپ- ئارىلاپ تۆۋەندىكى بۇ ئارىلىق جىرلىرىنى قوشۇپ جىرلايدۇ).

مەسىلەن:

سىگانۇشكا ئازا ئازا،
سىگانۇشكا چورلىگيازا.
سىگانۇشكا چورلىگيازا،
ۋىللا يامايا.

سىگانۇشكا ئاتالارغا،
سىر بەرمەيمىز ياتالارغا.
ياتالار سالار ئوتلارغا،
سىگانۇشكا، سىگانۇشكا، سىگانۇشكا، گارامۇشكا ئادىنۇشكا.

............

بىرسى جىر جىرلىغاندا ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار ئارىلاپ- ئارىلاپ:

«ئايغاي دوستۇم قايتا جىرلا!» دەپ جىر جىرلىغۇچىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، كەيپىياتنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردۇ.

دېمەك، مانا بۇ جىرلار چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىسمەن ئىلگىرى ۋە بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئېيتىپ كېلىۋاتقان جىرلىرىنىڭ مىسالىدۇر. ئەلۋەتتە، بۇ جىرلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ چىقىشقا توغرا كەلسە بەلكىم بىرەر كىتاب بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. مەن بۇ ماقالىدە ماقالىنىڭ باشلىنىشىدا دەپ ئۆتكىنىمدەك، توپلانغان جىرلار ئۆز تۈرلىرىگە قاراپ (مىسال ئېلىپ) تاللىنىپ يېزىلدى. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە دەپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى ئۇرۇمچىدىمۇ چۆچەكتىن كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر قىسىم ياشقا چوڭراق ئۇيغۇر ۋە تاتارلار ئۆزلىرىنىڭ كىچىكىدىن قېنىغا سىڭىپ كەتكەن چۆچەكلىكلەرگە خاس جىرچى كېلىدىغان ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ ئۇرۇمچىدىكى ھەرقايسى يۇرتنىڭ ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيىتى گىرەلىشىپ كەتكەن توي- تۆكۈن ۋە ھەر خىل (چوڭ- كىچىك) سورۇنلاردا ئالاھىدە ئېھتىرام بىلەن جىرلاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىپ توي قىزغىنلىقىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، جىر ئاڭلاپ باقمىغانلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ جىر مەدەنىيىتىنى ساقلاپ ۋە تارقىتىپ كەلمەكتە. شۇنىڭغا ھەيرانمەن، گەرچە ئۇلار ئۇرۇمچىدە نەچچە ئون يىل ياشاپ تىل ۋە قىسمەن يەرلىك ئۆرپ- ئادەت ۋە باشقا تەرەپلەردىن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما جىر جىرلاش ئۇسلۇبىدا يەنىلا چۆچەك جىرىنىڭ يەرلىك ئۇسلۇبىنى يوقاتماپتۇ، مەيلى چۆچەكتە ياشاۋاتقان 5000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى (شەھەر، ناھىيە) جايلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان چۆچەك ئۇيغۇرلىرى بولسۇن ئۆزلىرىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولغان گارمۇن تارتىپ جىر جىرلاشنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكنى، ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، بولسا باشقىلارغىمۇ ئۆگىتىپ قويۇشنى، جىرچى تىرىك شاھىدلاردىن كۆپرەك تەلىم ئېلىپ ئەسلى

(توغرا) تېكىستكە ھۆرمەت قىلىپ جىرلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

دېمەك، ھەرقايسى مىللەت ئۆزىگە خاس بولغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلەنگىنىگە ئوخشاش، ھەرقايسى رايون ۋە شەھەرلەرمۇ ئۆزلىرىگە خاس بولغان يەرلىك تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، تىل، سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مەدەنىيىتى بىلەن باشقا جايلاردىن پەرقلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئەنە ئاشۇ خىل ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قالغان ئاساستا تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىچىلىكنى جارى قىلدۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. بولمىسا ھەممىلا جاينى قاپلاپ كەتكەن سەرەڭگىنىڭ قېپىدەك بىنالار ھېچكىمنى ئۆزىگە تارتمىغاندەك ھەرقايسى رايونلارنىڭمۇ پەرقى بولماي قالىدۇ.

جىر جىرلايلى، توغرا جىرلايلى!

جىر جىرلايلى، تارتىنماي جىرلايلى!

جىر جىرلايلى، ئۇزلۇكسىز ئۆگىنەيلى، ئۆگىتەيلى، داۋاملاشتۇرايلى.

ئىزاھاتلار:

① نافامىيتكە—ئەسلىمە.

② ئاخچا—پۇل.

③ ئېرتە—بالدۇر، سەھەر.

④ مۇڭايما—خىيال قىلما، مۇڭلانما.

⑤ قايىن—قېيىن دەرىخى.

⑥ قالىن ـ قېلىن.

⑦ ئالماغاش—ئالما دەرىخى.

⑧ ماتۇر—رۇسچە سۆز بولۇپ، گۈزەل دېگەن مەنىدە.

⑨ يىلغالار—جىلغا، ئۆستەڭ.

⑩ قاراڭگۇر—چۆچەك شەھىرىگە كىرگەن يەردىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئورمانلىقنىڭ نامى.

⑪ بىيىك ئۆكچە — ئېگىز پاشنا.

⑫ تاۋ—تاغ.

⑬ تامىر—يىلتىز.

⑭ كېرمە—كىيىم ئاسقۇچ.

⑮ ئېرتەگە—كېلەچەكتە.

⑯ كۆلمەك—تاتارچە سۆز بولۇپ، كۆڭلەك دېگەن مەنىدە.

⑰ تاراق—تاغاق.

⑱ سالدات—ئەسكەر.

⑲ سارى رىمىن—سېرىق بەلباغ.

⑳ ئىللەرىم —يۇرتۇم.

㉑ ئىتىك —ئۆتۈك.

㉒ قونجالارى—ئۆتۈكنىڭ قونجىسى.

㉓ خەيرەن—ھەيران.

㉔ تاغىندا—تاغدا.

㉕ ئاشادا—ئاشا.

㉖ ئاۋۇز—ئېغىز.

㉗ تاغىن—يەنە، قايتا.

㉘ كەيىم—تاتارچە ئەركىلەتمە سۆز.

㉙ بارقۇت—چىپارقۇت رەخت.

㉚ ئىلىم—يۇرت.

㉛ كۆشەسى—كوچىسى.

㉜ قالاسى—شەھەر.

㉝ ئۆكىرتەدى ـ ھۆكىرتىدۇ

㉞ تال—دەرەخ.

㉟ ئالىندىڭ—ئىلىندىڭ.

㊱ پۇتاغ—پۇتاق.

㊲ چالىندىڭ—ئىلىنمەك.

㊳ ياڭىلدىڭ—يېڭىلدىڭ.

㊴ قاتتى—چىڭ.

㊵ بېش—بەش.

㊶ ئۆشرەت—نۆۋەت.

㊷ ئالتىسارت — «ئالتە ئۇيغۇر» دېگەن مەنىدە. چۆچەكتىكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بىر مەھەللىنىڭ نامى.

㊸ مەرەك—مۇبارەك.

㊹ جىيرەن—جىگەررەڭ ئاتنى كۆرسىتىدۇ.

㊺ قامتى—بوغا، جەگە

㊻ ئىككەۋىڭىزدەي—ئىككىڭلاردەك.

㊼ غەدەتىم—ئادىتىم.

㊽ تاماغىما—گال، تاماق.

㊾ سۆيلەرگە—سۆزلەشكە.

㊿ قىرقازىنداي—ياۋا غازلار.

51 سىزىلىپ—نازلىنىپ.

52 سېكىلدى —ئوخشاش.

53 ساندۇغاش—بۇلبۇل.

54 ئېسمە—يادىمغا.

55 تەترەك—تاتلىقراق.

56 تىلىيك—تىلەيلى.

57 سابىرلى—ئېغىر ـ بېسىق.

---

ئاپتور: تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.

# تويىدۇرۇپ تۇرۇۋاتقان تويىمۇغۇر تويلىرىمىز

ئابدۇخېلىل مىرخېلىل
(«ت» ھەرپى بىلەن باشلانغان سۆز ئويۇنى)

تۇرلۇك تەنبىھ، تەربىيلەرنىڭ تەمنى تېتىسمۇ تۇ- زۇلۇشكە تەمشەلمەي، تۆت تال تەئەللۇقاتىمىزنى توگ- گۇزدەك تىلغاپ، تىرىكچىلىكىمىزنى تىلسىزلىق تاشلىقلە- رىدا تەلۇىلەرچە تېلىقدۇرۇپ، تەرلىمەي تەڭگە توپلايدى- غانلارنى تويۇندۇرۇپ تۇرۇۋاتقان تويمغۇر تويلىرىمىز، تۇرلۇك تىجارەتلەردە تىپىرلاپ، تەنلىرىمىزدىن تەر تۆ- كۇپ تاپقان تۆت تىزىق تەڭگىلىرىمىزنىمۇ توزغاقتەك توزۇتۇپ، تۇرمۇشىمىزنى تەڭسىز تىرەنلىككە تۇرتۇپ، تۇگىشش تۇرمەللىرىدە توختاۋسىز تۇنجۇقتۇرماقتا.

تۆككەن تەرلىرىمىزدىن تۆھپە تاغلىرىنى تىكلەش تۇيغۇلىرىمىزنى توخۇنىڭ تۇكىدەك توزۇتۇپ، تەپەككۇ- رىمىزدىن تۆكۇلگەن تاتلىق تىلەكلىرىمىزنىڭ تەمنى تې- تىماي، تۆشيانچۇقىمىز توشقۇدەك تەئەللۇق تېپىپ، تە- رەققىي تېپىشىمىزغا تۇگىمەس توساقلارنى توسۇپ، تەڭ- قىسلىقتىن تىرتەك - تەرسالىققا تىۋىندۇرماقتا.

تەپەككۇرىمىزنىڭ تېيىزلىقتىن تىرەنلىككە تۇرتۇلۇپ تۇرمۇشىمىزنىڭ تۇراقلىشىپ، تىلىكىمىزنىڭ تولۇقلىنىشنى توقماقلاپ، تالاي تىلەك، تىرىشچانلىقىمىزنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، تىرىك تۇرساقمۇ تىرىكتاپلىق تاجىنى تاقى- ماقتا.

تەبىئىيكى، تويمغۇر تويلىرىمىزدىن تۇغۇلغان تۇر- لۇك تېجمەللىكلەر تېخىمۇ تېتىكلىشىپ، تارىخىمىزدا تا- كامۇللاشقان تويلىرىمىز توغرىسىدىكى تالاي تاتلىق تەجرىبىلىرىمىزگە تالاق تايىقنى تەڭلەپ، تۇرپان، توق- سۇن، توقسۇزاق، توقسۇزتارا...لارنىڭ توپلىقلىرىدا تۇن- جۇقتۇرۇپ، تېرىقتەك تېنىمىزگە تاغدەك تەشۋىش - تە- ئەججۇپلەرنى تىركىمەكتە.

تەرىقەت تەختىدىكى تەنتەنىلىرىمىزنىڭ تەننەرخىنىمۇ تۆپىلىكتىن تۆۋەنلىتىپ، تۇرمۇشىمىزغا تۇگىمەس تالاپەت- لەرنى تۇغدۇرۇپ، تېجمەللىكتىن تېلىققان تەنلىرىمىزنى تەمەخورلۇق تىكەنلىكلىرىدە تىنىمسىز تىترەتمەكتە.

تەئەججۇپتىن تەشۋىشلەنمەي، تىركىشىشىمىزگە تىر- كەلمىمىز تولۇقكى، تەۋەيىمىزدىكى تاھارەتسىز تالىپلار- دىن توڭگۇرلۇق توختەم، تۇڭلۇك توقلارنىڭ تەپتارتماي تەبىرلىگەن تويلىرىمىز توغرىسىدىكى تېيىز تەپەككۇرلۇق تەۋسىيلىرىدىن تەۋەللۇت تاپقان تۇترۇقسىزلىق، تۇراق- سىزلىق، تەڭپۇڭسىزلىقلارنى تەڭشىگۇچى تارازا تېخى تۈزۈك تۈزەلمىگەچكە، تويدۇرۇپ تۇرۇۋاتقان تويمغۇر تويلىرىمىز تېخىمۇ تويدۇرۇپ، «تويمساڭ تويۇڭدا تو- يارسەن»گە تىزلاندۇرماقتا.

تاماملىغاندا تېلېۋىزورلاردا تەكىتلىنىۋاتقان تويلىرى- مىزنى تېجەشلىك تۇگىتىش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتلارنى تىڭشىمىغان تۇيغۇسىز تويچىلىرىمىز تەييارتاپلىقتىن تەڭگە توپلاش تەمەسىنى تۇگەتمىسە، تەھقىقكى، تارىخ تەرەققى- ياتىدا تېگىشلىك تۆھپە تىكلىيەلمەي، تەڭقىسلىق تارچۇق- لىرىدا تىنەپ تەمتىرىشى تامامەن تەبىئىيدۇر.

ئاپتور: توقسۇزتارا ناھىيە مويۇنگۇزەر يېزا مويۇنگۇزەر ئوت- تۇرا مەكتەپتە.

## بىلدۇرگۇ

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007 - يىللىق 1 - سان مۇقاۋا سۈرىتىدىكى قاپاقنى شىنجاڭ خوتەن لوپ «قەلب» ئۇيغۇر قول ھۈنەر - سەنئەت بېزەكچىلىك كارخانىسى لايىھىلىگەن. لايىھىلىگۇچى: مۇ- ھەممەد ئاللا بەردى.

# قومۇل يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرىدىكى بېيىت ئېيتىش ئەنئەنىسى



ئادالەت ئىمىن

بېيىت ئېيتىش—ئەزەلدىن ئۆز ھېسسىياتلىرىنى قوشاق ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يۈز ئاچقۇدا بېيىت ئېيتىش ئۇيغۇرلارغا ئورتاق بولغان توي يوسۇنلىرىنىڭ بىرى بولسىمۇ، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا بۇ خىل ئادەت يوقاپ كېتىۋاتىدۇ . لېكىن، بۇ ئادەت قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىلا جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

يۈز ئاچقۇ مەشرىپى قومۇل نىكاھ تويلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولۇپ، قومۇلنىڭ ئاراتۈرۈكتىن باشقا رايونلىرىدا ئاساسەن ئوخشاش تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

توي مۇراسىملىرى پاك تەنلەرنىڭ قوشۇلۇشى بولۇپ، يوشۇرۇن، ئار - نومۇس ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان سىيگۇ پائالىيىتىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشىدۇر. دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەردە شۇنداق بىر ئورتاق خۇسۇسىيەت باركى، كىشىلەر تەڭرىنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرىتىدىن ئەيمىنىپ ۋە «تەڭرىنىڭ ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى» ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياۋايى شەھۋەت ئىستەكلىرىنى تىزگىنلەپ، تۈرلۈك مۇراسىملار ئارقىلىق مەنىۋى پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي ھەرىكەتلىرىنى قېلىپقا سېلىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. توي مۇراسىملىرى دەل كىشىلەرنىڭ روھىنى پاك تۇتۇش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارنىڭ بىرى بولۇپ، دەسلەپكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئۈچ تۈرلۈك كاتتا مۇراسىمى بولغان. ئۇنىڭ بىرى، تويى بولغان قىزنىڭ يۈزىنى يېپىشدۇر. بۇ قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا، تۇنجى قېتىملىق تويدىن پەيدا بولغان نومۇس قىلىش ھېسسىياتىدۇر. تويى بولغان قىزلارنىڭ يۈزىنى يېپىشى بارلىق مىللەتلەردە ئىزچىل ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئادەتتۇر ① . يۈز ئاچقۇ مەشرىپى نىكاھ تويلىرىدا يۈزى يېپىلغان قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل مۇراسىمدۇر.

قومۇل لاپچۇقتا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرىنىڭ مەزمۇنى باشقا رايونلارغا نىسبەتەن مولراق، قائىدە - يوسۇنلىرى مۇكەممەلرەك ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ جەريانىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز.

لاپچۇق قومۇل شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە

ۋە كۆچلۈك مىللىي پۇراقا ئىگە قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بەرى بولۇپ، قومۇلدىكى بەش شەھەرنىڭ بىرى ( قومۇل تارىختا بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغ دەپ ئاتالغان). بۇ ماكاندا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرى تۆۋەندىكىدەك باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

*1. يۈز ئاچقۇ سورۇنى ھازىرلاش*

قىز ئوغۇل تەرەپكە كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان ھويلا ياكى ئۆينىڭ تۆرىدىن چوڭ ياشلىق ئاياللارغا ئورۇن بېرىلىدۇ، سازەندە ئېيتقاقلار تۆرنىڭ ئۇدۇلىدىن ئورۇن ئالىدۇ، نەغمىچىلەرنىڭ داپ ۋە غېجەكلىرىدىن ياڭرىغان مەشرەپ مۇقام كۈيلىرى تويچىلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى يايرىتىپ، توي شادلىقىغا شادلىق قوشۇپ، تويىنى ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ. قومۇل غېجىكىدىن ياڭرىغان مۇڭلۇق كۈي بىلەن شوخ، جۇشقۇن ئۇسسۇل پەدىلىرىگە تەڭكەش قىلىنغان داپنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈچى كۈيى بىرلىشىپ ئاجايىپ بىر يېقىملىق، يېنىك مېلودىيە ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئاجايىپ مەندار مۇقام ناخشا تېكىستلىرى قوشۇلۇپ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ، چەكسىز ھاياجانغا سالىدۇ. مۇقامنىڭ بۇ خىل ئاجايىپ گۈزەل مېلودىيىسى ئىچىدە ئۇچىسىغا يارىشىملىق مىللىيچە كۆڭلەك، بېشىغا دوپپا كىيگەن، يۈزى بۆرتۈمشا ياغلىق بىلەن يېپىلغان قىز، قىز يەڭگىسى ۋە دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا تۆرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەييارلانغان كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، ئادەتتە قىز - ئوغۇل تەرەپ تۇغقانلىرى ۋە باشقا دوست - يارەنلىرى ئىككى تەرەپتە تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇملاق شەكىل ھاسىل بولىدۇ. مانا بۇ يۈز ئاچقۇ سورۇنىدۇر.

*2. ھۆجرا خېنىسى تىزىش*

قىزنىڭ يېڭى ھۆجرا ئۈچۈن تەييارلىغان ئۆي بېزەش بۇيۇملىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى دېگەندەك نەرسىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ ئادەتنىڭ ئەھمىيىتى ئانچە زور بولمىغاچقا، بۇ ئادەت بەزىدە ئۆتكۈزۈلۈپ بەزىدە ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

*3. قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش*

لاپچۇقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان يۈز ئاچقۇدا، ئوغۇل تەرەپتىن تويى بولغان قىز - يىگىت تۇغقانلىرىنى ياخشى بىلىدىغان ئوتتۇرا ياشلىقراق بىر ئەر كىشىنى قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىشقا، قىز تەرەپتىن بولسا، قىزنىڭ يۈزىنى ياپىدىغان بىر ئايالنى تەيىنلەيدۇ (لاپچۇقتىن باشقا جايلاردا ئاساسەن ئىككى ئايال يۈز ياپقۇچى ھەم يۈز ئاچقۇچى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ)، يەرلىك كىشىلەر بۇ كىشىلەرنى يۈزىنى ئاچىدىغان ئادەم دەپلا باشقا مەخسۇس نام بىلەن ئاتىمايدۇ. بىز مەزكۇر ماقالىمىزدە يۈز ئاچقۇچى ۋە يۈز ياپقۇچى دەپ ئاتايمىز. يۈز ئاچقۇچى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ، يۈز ياپقۇچىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ، بۇ چاغدا قىز ۋە ئوغۇل تەرەپ تەييارلىغان ئىككى تال ياغلىق قىزنىڭ يۈزى يېپىلغان بۆرتۈمشانىڭ ئۈستىگە يېپىلىدۇ، يۈز ئاچقۇچى ئۇسسۇل ئوينىغاچ ئېپىنى تېپىپ قىز تەرەپكە ئۆتىدۇ - دە، قىزنىڭ ياغلىقىنى يېرىم ئېچىۋېتىدۇ، يۈز ياپقۇچىمۇ ئۇسسۇل ئوينىغاچ كېلىپ ياغلىقنى يېپىپ قويىدۇ ھەمدە يۈز ئاچقۇچىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئامال بار قىز تەرەپكە ئۆتكۈزمەيدۇ، يۈز ياپقۇچى قىزىقچىلىق قىلىپ، قىز يۈزىنى ئاچتۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇسسۇل ئوينىغاچ يۈز ئاچقۇچىنى قەستەن توسۇۋالىدۇ، ئەتراپتىكىلەر ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ، «ھە، ھۇ» دېيىشىپ بېرىدۇ، قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىپ - يېپىش جەريانى شاد - خۇراملىق، ئىجىل - ئىناقلىق، قىزىقچىلىق گىرەلەشكەن بىر جەريان بولغاچقا، ئەتراپتىكىلەر بۇ خىل كۆرۈنۈشتىن زوقلىنىپ، شاد - خۇراملىققا تولىدۇ، قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش جەريانى ئەنە شۇنداق ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، ئارىلىقتىكى قىزىقچىلىقتىن ئامما قانغىچە كۈلۈشىۋالىدۇ. سورۇن كەيپىياتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ماسلىشىپ نەغمىچىلەرنىڭمۇ ئىلھامى قوزغىلىپ تېخىمۇ شوخ كۈيلەرگە چالىدۇ. قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش - يېپىش ئۈچ قېتىم داۋاملاشقاندىن كېيىن تۆتىنچى قېتىمدا ياغلىق ئېلىۋېتىلىپ قىزنىڭ يۈزى ئېچىلغان بولىدۇ.

*4. سالام قىلىش*

قومۇل لاپچۇقتا ئۆتكۈزۈلىۋاتقان نىكاھ تويلىرىدىكى يۈز ئاچقۇدا، قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش، بېيت ئېيتىشىش ئادىتىدىن باشقا يەنە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشتىن ئىبارەت ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي ئەنئەنىلىرىنى نامايان قىلىدىغان ئالاھىدە بىر ئادەت ساقلانغان: لاپچۇقتىكى يۈز ئاچقۇدا چوڭلارغا سالام بېرىش ئادىتىنى قومۇلنىڭ باشقا جايلىرىدا ھازىر ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. يۈز ئاچقۇ مەشرىپىدە قىزنىڭ يۈزى

ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن يۈز ياپقۇچى قىزنىڭ يېنىغا ئولتۇرىدۇ، يۈز ئاچقۇچى داۋاملىق ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئازراق ئوينىغاندىن كېيىن «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دەپ سوروۇن ئەھلىگە تەزىم قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نەغمە ـ كۈيلەر دەرھال توختاپ، سوروۇن تىمتاس بولۇپ كىشىلەر دىققەتتە تۇرىدۇ. يۈز ئاچقۇچى: «كۈيئوغۇل، كېلىن ئاپئاق... غا سالام دەيدۇ!» دەيدۇ، بۇ چاغدا ئىسمى چىققان كىشى ئۆزىنىڭ تىلىكىنى تىلەيدۇ، بېيت ئېيتالىغانلىرى تىلىكىنى بېيت ئارقىلىق ئېيتىدۇ، پەقەت بېيت بىلمەيدىغانلىرى «خۇدايىم مۇبارەك قىلغاي!» دېگەن سۆز بىلەن تويىنى قۇتلايدۇ، ئادەتتە كۆپىنچىلىرى: «ئەتىگەن قوپار بولغاي، تۈگمۈك ئاچار بولغاي، ئالدىدىن ئاي چىققاي، كەينىدىن كۈن چىققاي، ئالدى داستىخان كۆرگەي، كەينى تۆرە كۆرگەي» دېگەن بېيتنى ئېيتىدۇ. ھەر بىرەيلەننىڭ ئۆزلىرىگە خاس چىراي ئىپادىلىرى، ئىنتوناتسىيىلىرى، تىلەك سۆزىنى ئېيتقان چاغدىكى ھالەتلىرى شۇ سوروۇن ئەھلىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغايدۇ، ئەتراپتىكىلەر گاھ كۈلۈشۈپ، گاھ قىقاس توۋلاپ سوروۇن كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. ھەر بىر سالام بېرىشتىن كېيىن نەغمىچىلەر نەغمىنى كەلگەن يېرىدىنلا باشلايدۇ، يۈز ئاچقۇچى ئۇسسۇل ئويناشنى داۋاملاشتۇرغاچ كېيىنكى تۇغقاننىڭ ئىسمىنى ئويلىۋالىدۇ، بەزىدە ئەتراپتىكىلەر پالانچىغا كەلدى، دەپ ئېسىگە سالىدۇ، يەنە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دېيىش بىلەن نەغمە توختاپ سالام بېرىش داۋاملىشىدۇ، شۇ تەرىقىدە ھەممە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سالام بېرىلىدۇ.

*5. تىۋەك تىزىش*

تىۋەك ـــ ئەسلي پەتنۇس دېگەن مەنىدە بولۇپ، يۈز ئاچقۇدا ئوغۇل تەرەپ قىزغا تەييارلىغان زىبۇزىننەت، كىيىم ـ كېچەكلەرنى پەتنۇسلارغا تىزىدىغانلىقى ئۈچۈن ئالدىغا قويۇلغان نەرسە دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىغان بولغان. سالام بېرىش ئاخىرلاشقاندا يۈز ئاچقۇچى «قىزنىڭ بەدەنلىرى ئاغرىپ كېتىپتۇ، يامان (بەك) كەچ بولۇپ كەتتى دەپ...» دەيدۇ، ئولتۇرغانلار ئىچىدىن بىرى: «ئاغرىمىغاي، ۋاي چاققان دورا، قايناقسۇ ئېلىپ چىقايدىنى» دەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوغۇل تەرەپ قىزغا تەييارلىغان زىبۇ زىننەت، كىيىم ـ كېچەكلەرنى پەتنۇسلارغا چىرايلىق تىزىپ قىزنىڭ ئالدىغا قويۇشقا باشلايدۇ، يۈز ئاچقۇچى يەنە «سۇلتان پاشانىڭمۇ بىلەكلىرى ئاغرىپ كېتىپتۇدەك» دەيدۇ ، «ئاغرىمىغاي ، بۇ سائەتنى تاقىۋالغاي» دەپ قىز تەرەپ كۈيئوغۇل ئۈچۈن تەييارلىغان بىر دانە سائەتنى سۇنىدۇ، يۈز ئاچقۇچى سائەتنى ئېلىپ، « سۇلتان پاشانىڭ سائىتى، مانا بۇنى راۋۇرۇس بىرسى ئالسۇن» دەپ بىرسىگە تۇتقۇزىدۇ، لاپچۇق بوستان مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەبىبۇل ئاكىدەك داڭلىق بېيتچىلەر قاتناشقان يۈز ئاچقۇلاردا قىزىقچىلىق قىلىنىدۇ. مەسىلەن، 2003 ـ يىلى 18 ـ ئۆكتەبىردە لاپچۇقتا ئۆتكۈزۈلگەن شاكىرجان بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ تويىدا ھەبىبۇل نىياز ئاكا سۇلتان پاشاغا ئاتالغان سائەتنى قولىغا ئېلىپ: «بۇ ئۇنداق مۇنداق سائەتلەردىن ئەمەسكەن جۇمۇ! مانا، بۇ سائەتكە بىر كۇپلېت نەزمە يېزىلغان ئىكەن، يالغان بولسا ئوقۇپ باقاينى، مانا، چاكچاك قىلادۇ بۇ سائەت، توختىمايدۇ بۇ سائەت، ئاغرىيدىغان بىلەكلەرنى ساقايتىدۇ بۇ سائەت» دەيدۇ، ئەتراپتىكى ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۈلكە سادالىرى ئىچىدە تىۋەك تىزىلىدۇ.

*6. قىزغا سىنچاي تۇتۇش*

تىۋەك تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن بىر لىگەنگە چاي چىنىدا سىنچاي كەلتۈرۈلۈپ، قىزغا تۇتۇلىدۇ، قىز يەڭگىسى چاينى لىگەندىن ئېلىپ قىزغا سۇنۇپ بېرىدۇ، ئاندىن چىنىنى قايتۇرۇپ لىگەن ئىچىگە سېلىپ قويىدۇ، مانا بۇ قىزغا سىنچاي تۇتۇشتۇر.

*7. بېيت ئېيتىشىش*

قىزغا سىنچاي تۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ لىگەن بىلەن سىنچاي تۇتۇپ بېيت ئېيتىدۇ، بېيت ئېيتىپ بولۇپ، سىنچاينى قىز تەرەپكە تۇتىدۇ. قىز تەرەپ سىنچاينى ئېلىپ، ئوغۇل تەرەپ بېيتىگە جاۋابەن بېيت ئېيتىدۇ، بەزىدە قىز تەرەپ ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ يەنە ئېيتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. يۈز ئاچقۇدا ئاز دېگەندە ئىككى ئادەم ياكى ئۈچ ـ تۆت ئادەم، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئادەم بېيت ئېيتىشى مۇمكىن.

يۈز ئاچقۇدا ئېيتىلىدىغان بېيتلەردە ئومۇمەن تويىنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسى، قىز ـ ئوغۇلنىڭ ئارزۇسى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رازىلىقى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە قۇدا ـ قۇدۇغۇيلارنى تەرىپلەش، ئۆزئارا ئىناقلىقنى تەرغىپ قىلىش، مەڭگۈلۈك دوستلۇق ئورنىتىش، قىز ـ يىگىتنىڭ ياخشى

خۇلۇق - مىجەزلىرىنى تەرىپلەش، قىز - يىگىتتىن كۈتە-
دىغان ئۈمىد - تىلەكلىرى، تويغا بولغان رازىمەنلىكىنى
بىلدۈرۈش، كىشىلەرنىڭ توي شادلىقىغا چۆمگەنلىكى قا-
تارلىق مەزمۇنلار، شۇنىڭ بىلەن بىللە تويغا بولغان
ياخشى تىلەكلىرى ھەمدە قىز - يىگىتكە بولغان سەممىي
نەسىھەتلىرى ناھايىتى ئاددىي، جانلىق، گۈزەل شېئىرىي
تىللار ئارقىلىق يارقىن ئىپادىلىنىدۇ. ئالايلۇق:

«بۇزۇرگادىن لاچىن ئالدىم،
باغرى كۆككىنە.
بۇ دۇنيادا بارمىكىن،
ئۆزىردەككىنە.
بۇ دۇنيادا بولسىكەن،
ئۆزىردەككىنە.
ئۇڭ قولۇمغا قوندۇرۇۋالسام،
قۇرغۇيدەككىنە.
قۇرغۇي بالىسى ئالىم،
لىچىن بالىسى زالىم.
ئىككىمىزنى قۇدۇغۇي قىلدى،
ئۇلۇغ خۇدايىم» ② .

«ئىگىز تاغدىن سۇلار چۈشتى،
باغداش ئارىلاپ.
ئەمدىلىكتە تويلا قىلا،
ئارتتۇرۇك ئارىلاپ.
ئانچە يىراق ئەمەس،
ئارتتۇرۇك بىلەن قومۇل ئارىسى.
مۇندىن كېيىن ئىناق ئۆتسۇن
ئىككى قۇدا،
قۇدۇغۇي بالىسى.
باغقا كىرىپ گۈلنى ئۈزدۇق،
ئارىلاپ - ئارىلاپ.
ئىككى قۇدا توي قىپتۇ،
بىر - بىرىنى خالاپ.
گۈلنىڭ ئېتى گۈلغۇنچە،
تۇگۈن بولۇپ ئېچىلغۇنچە.
ئىككى قۇدا توي قىپتۇ،
مۇرادىغا يەتكۈنچە» ③ .

«رىزۋانگۈل ئۇكام ئۆزىرىگە گۈل تۇتاي،
ئىككى قوللاپ ئالسىلا.
ئىككى ئېغىز تەربىيە قىلاي،
ياخشى قۇلاق سالسىلا.
رىزۋانگۈل ئۇكام ئۆزىرى،
ئەتىگەندە قوپسىلا.
قولىغا يامداق(سۇپۇرگە) ئالسىلا،
كۆپكۆك سۇلار چاچسىلا.
قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا،
تۇغقانلارنىڭ
دۇئاسىنى ئالسىلا» ④ .

بېيىت ئېيتىش جەريانىدا سورۇن ئەھلى بېيىت ئېيتقۇچىلارغا «رەھمەت! ھەشقاللا!» دەپ ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ. نەق مەيداندا توقۇلغان قىزىقارلىق مىسرالىرىغا قىقاس تولاپ، سورۇن كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋېتىدۇ. بەزىدە تويى بولغان قىز ياكى يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن بىرەرى ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇلارنى بېيىتكە قېتىپ ئەسلىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار، بۇنداق چاغدا توي ئىگىلىرىنىڭ ياكى قىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزياش قىلىپ قالىدۇ. لېكىن، بېيىتچى بېيىت تېمىسىنى دەرھال يۆتكەپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراپ، كەيپىياتنى قايتىدىن جانلاندۇرىدۇ.

يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرىنىڭ ئاساسلىق جەريانلىرى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك بولۇپ، ئايرىم ئەھۋاللاردا يەنە بېيىت ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن تىۋەگدىكى نەرسەلەرنى تونۇشتۇرۇپ قىزىقچىلىق قىلىدىغان ئىشلارمۇ بار. ئالايلۇق، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تويدىكى تىۋەك تونۇشتۇرۇش قىزىقچىلىقىدىن ئارىيە كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«مامۇت ئاكام بىزنىڭ قىزىمىز رىزۋانگۈلنىڭ ئالدىغا قانداغاراق تاۋارلارنى قويۇپ قويدىكىن، مەن بىر تونۇشتۇرۇپ قوياي، ياكى ھېچنېمىگە كار كەلمەيدىغان نېمىلەرنى قويۇپ قويدىمۇ؟ (ئەتراپتا تۇرغانلار تونۇشتۇرۇپ قويغاي، تونۇشتۇرۇپ قويغاي دەپ بېيىتچىگە ئىلھام مەدەت بېرىدۇ)». ھەببۇل نىياز ئاكا قىزنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئېگىز پاشنىلىق ۋە پەس پاشنىلىق ئىككى پاي ئاياغنى قولىغا ئېلىپ: «بۇ مامۇتەكەم (مامۇت ئاكام) كېلىنىمىزنىڭ ئالدىغا ئۇنداق مۇنداق ئاياغلارنى قويمايمەن، راۋۇرۇس ئاياغ قويىمەن، خەقلەر بىر ياڭزا ئاياغ كىيگۈزگەن بولسا، مەن ئىككى پۇتىغا ئىككى ياڭزا كىيگۈزىمەن دەپ، مانا بىر پۇتىغا كەلگۈرى (پاشنىسى) تۈز، پەس ئاياغ، بىر پۇتىغا كەلگۈرى ئېگىز تانكىس ئاياغ ئاپتۇ، مەنە بۇنىڭمۇ بىر قىسىم خاسىيەتلىرى باركەن،

ئېگىزلەيمەن، ئېگىزلەيمەن دەپ ئېگىزلەشنى خالـــسا،
كىيدى دېگۈچە 15 سانتىمېتىر ئېگىزلەپ كېتىدىكەن، ياق
ئەمدى پەسلىسەم بولغىدەك دەپ پەسلەشنى خالىسا، سا-
لىۋاتتى دېگۈچە پاكارلاپ كېتىدىكەن. بۇنى يەنــە بـــىر
يەردىن ئالمايمەن، ھەر يەردىن ئالىمەن دەپ بـــىرىـــنى
ھىندىستاندىن، بىرىنى تۈركىستاندىن ئەكېتىۋ تېخى، ۋوي
بۇنىڭغىمۇ بىر كۇپلېت نەزمە يېزىلغان ئىكەن، يـالـغـان
بولسا ئىككەيلەن كۆرۈپ باقايىنى!

كىيسەم تانكىس ئاياغنى،
تاكاس ـ تاكاس قىلادۇ.
كوچىلاردا يۈرسەم مەن،
قىز ـ يىگىتلەر قارايدۇ.

مانا، ھەرقانداق كىشى كىيسە، كىشلەر ئىختىيارسىز
قاراپ كېتىدىكەن. بۇنىڭ يەنە بىر نەچچە خىل خاسىيتى
باركەن، بۇنى كىيىپ ھەرقانداق توپىغا كىرسە، توپا يۇق-
مايدىكەن. بۇ ئاياغنى كىيىۋېلىپ، ھەرقانداق ئېگىز تاغقا
چىقسا، پۇتى ئۇشۇلمايدىكەن...».

قىزىقچىلىق قىلىش بېيىتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن
ئوغۇل تەرەپنىڭ يىگى كېلىننى ناھايىتى ئەزىزلەپ ئالا-
ھىدە سوۋغاتلارنى تەييارلىغانلىقى، تىۋەڭلەردىكى نەر-
سىلەرنىڭ ئادەتتىكى نەرسىلەر ئەمەسلىكى، ھەر بىرىنىڭ
ئۆز ئالدىغا ھەر خىل سېھىرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بار-
لىقىنى كۆپتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ.

لاپچۇقتا ئەرلەرمۇ بېيىت ئېيتىدىغان بولۇپلا قالماي
بەلكى ئەڭ ئۇستا بېيىتچىلەر ئەرلەردۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەبىبۇل نىياز ئاكا بۇنىڭ جانلىق
مىسالى بولالايدۇ. ھەبىبۇل نىياز ئاكا ئىجادچانلىققا ئىگە،
بېيىت توقۇشقا ۋە ئېيتىشقا ماھىر، ھازىر جاۋاب ئادەم
بولۇپ، تويلاردا بېيىت ئېيتسا، ئېغىزىدىن پىلموتـتـەك
ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بېيىتلەرگە ھەيران قالماي تۇرالماي-
سىز. بېيىت مەزمۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، تىلىنىڭ ئاھاڭ-
دارلىقى، گۈزەللىكى، ئىنتوناتسىيىسىنىڭ جۇشقۇنـلـۇقى،
بېيىت مىسرالىرىنىڭ ئېقىن سۇدەك راۋان، ئوينـاقـلـىـقى
ھەرقانداق بىر كىشىنى زوقلاندۇرماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ
قىزىقچىلىق قىلغاندىكى ھەر بىر سۆزى سورۇن ئەھلىنى
گاھ ساماۋىي چۆچەكلەردىكى سېھرىي دۇنياغا بـاشـلاپ
كىرسە، گاھ يۇلتۇزلۇق كۆك ئاسماندىكى ھۆر پەرىلەر
دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇنداق كىشلەر قاتناشقان يۈز
ئاچقۇلار ئالاھىدە قىزىپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزد-
نىڭ ئۆزگىچە ئىجادىي بېيىتلىرى ھەم تىۋەڭدىكى نەرسە-
لەرنى قولىغا ئېلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىلغان قىزىقچى-
لىقلىرى بىلەن سورۇن ئەھلىنى ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك
دەرىجىدە كۈلدۈرىدۇ.

ھەبىبۇل نىياز ئاكىنىڭ دەپ بېرىشىچە، بۇنىڭـدىن
ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ «ھازىر جاۋاب، ئۇستا بې-
يىتچىلەر ئازلاپ كەتتى، بېيىتلەرنىڭ مەزمۇنى بەك كونى-
راپ كەتتى، ئۇنىڭ مەزمۇننى يېڭىلاي» دېگەن ئويىنى
ئۆزۈندىن كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ھەم قېيىن سىڭلىسى-
نىڭ تويىغا ئاتاپ ئۆزى بېيىت تەييارلىغان ھەم شۇ تويدا
تۇنجى بولۇپ بېيىت ئېيتقان. ئۇ ئۆزىگە مېنىڭ ئېيتقان
بېيىتىمنىڭ بىرەر مىسراسىمۇ باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن چى-
قىپ قالمىغان بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلاپ يېڭى بېيىت-
لەرنى توقۇپ ئېيتقان. مەن ئۇنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ:
«بېيىتلەرنى ساقلاپ قالغان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگـە
دىققەت قىلىش كېرەك، ساقلاپ قالغان دېگەنلىك باشقىلار
ئېيتقان بېيىتلەرنى ئېيتىپ ساقلاپ قېلىش دېگەنـلـىك»
دەپ ئۆزى ئېيتىۋاتقان بېيىتلەرنىڭ ئىجادىي بېيىت ئى-
كەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

ھازىر قومۇلنىڭ لاپچۇقتىن باشقا جايلىرىدا يۈز ئاچ-
قۇدا بېيىت ئېيتىشىش ئاساسەن ئاياللارغا مەركەزلىشىپ
قالدى. توغۇچىنىڭ مۇڭقۇيبۇلاق مەھەللىسىدە ئولتـۇ-
رۇشلۇق ھازىر جاۋاب بېيىتچى مەممەت يۇسۇپ ئاكىنىڭ
دەپ بېرىشىچە، يۈز ئاچقۇلاردا ئۆزىنىڭ بېيىت ئېيتقۇسى
كېلىپ، كۆڭلىدە بېيىتلەرنىڭ يىپقا تىزىلغان مارجاندەك
تىزىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، لېكىن ئادەتتە يۈز ئاچقۇدا ئا-
ياللارلا بېيىت ئېيتىپ، ئەرلەر ئېيتىدىغان قائىدە بولمى-
غاچقا، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئېيتالمايدىكەن. ئۇ بۇنىڭدىن
تولىمۇ ئۆكۈنىدىكەن. دۆۋەجىن يۇقىرى مەھەللىدە ئول-
تۇرۇشلۇق گۈلخەلچىخان بۇۋەم ئانىنىڭ دەپ بېرىشىچە،
يۈز ئاچقۇ بېيىتلىرىنى ئاياللارلا ئېيتىشى كېرەك ئىمىش،
ئەرلەر قالايمىقان ئېيتىپ قويارمىش. بىر قېتىــمـقى يــۈز
ئاچقۇدا قارشى تەرەپنىڭ بېيىتچىسى ئەر بولۇپ قالغانلىقى
ئۈچۈن گۈلخەلچىخان بۇۋەم ئەرلەر ئېيتسا، مەن ئېيت-
مايمەن، دەپ تۇرۇۋالغان. دېمەك، ھازىر لاپچۇقتىن باشقا
جايلاردا ئاساسەن ئەرلەر يۈز ئاچقۇدا بېيىت ئېيتمايدۇ،
ئۇنداقتا لاپچۇقتا نېمە ئۈچۈن ئەرلەر بېيىت ئېيتىدىغان
ئادەت ساقلانغان؟ دېگەن بۇ مەسىلىگە جاۋاب ئىزدىگى-
نىمىزدە، بۇ مەسىلىدە لاپچۇقنىڭ سالام بېرىش ئادىتىنىڭ

ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى سالام بېرىش ئادىتىدە چوڭلارغا سالام بېرىلىدۇ، چوڭلار دېگىنىمىز — قىز - يىگىتنىڭ بوۋا - مومىسى، ئاتا - ئانىسى، ئاتا - ئانىسىنىڭ قېرىنداشلىرى ھەم قىز - يىگىتتىن چوڭ قېرىنداشلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر - ئايال ھەممىسى بولغاچقا، يەنە كېلىپ، چوڭلار ئۆز تىلەكلىرىنى ئېيتقاندا، ئامال بار بېيىت ئېيتىش تەلەپ قىلىنغاچقا، ئەرلەرنىڭ بېيىت ئېيتىشى نورمال ئىش سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋاملاشقان بولۇشى مۇمكىن.

زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشى ۋە يەر شارىلىشىش قەدىمىنىڭ كۈندىن كۈنگە تېزلىشىشى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى بۇزۇلۇشقا باشلىغان مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، يۈز ئاچقۇ بېيىتلىرىنىڭ تويلاردا يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

1. بېيىت ئېيتىش ئەنئەنىسى قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشىگە قوشقان ئۆلمەس تۆھپىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىدا خەلق تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن، ھەتتا خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن تۈرلۈك ئاممىۋى سەنئەت شەكىللىرى باركى، ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ‹ئەلنەغمە سەنئىتى› دەپ ئاتىلىدۇ. ‹ئەلنەغمە سەنئىتى› دېگەن بۇ ئاتالغۇ خەلق ئارىسىدىكى مەدداھلىق، غەزەلخانلىق، قىزىقچىلىق ياكى مەلۇم دىراماتىك تۈس ئالغان بايان قىلىش، كۆيلەش، ئورۇنداش سەنئىتى شەكىللىرى، مەشرەپلەر، سەنەملەر ۋە ھەر خىل مۇزىكىلىق، ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئويۇن شەكىللىرىنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ» ⑤ . «قومۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە شەھەر ئىچىنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇقامچى، ناخشىچى، قوشاقچىلارنى ۋاڭلارنىڭ توي - تۆكۈن، ئىدەر - سۈننەتلىرىدە، ھېيت - ئايەملەردە بىر ئاي بۇرۇن ئوردىغا يىغىپ مەشىق ئېلىپ بارغان. يېڭى سوتۇق (ئاھاڭ)، يېڭى قوشاق ئىجاد قىلغانلارغا مۇكاپات بەرگەن» ⑥ . مەسلەن، «مۇھەممەت بشىر ۋاڭ ئىلىدىكى مېھرىبانۇ خېنىمغا ئۆيلىنىشتىن 40 كۈن بالدۇر بەش شەھەر، 12 تاغدىكى داڭلىق ئەلنەغمىچى، سازەندە، ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، قىزىقچىلارنى يىغىپ ئوردا مەشرىپى ئۈچۈن تەييارلىق قىلدۇرغان ھەم قومۇلنىڭ مەشرەپ مۇقاملىرىنى رەتلەتكۈزگەن» ⑦ . بۇ كېيىنكى مەزگىللەردە خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك مەشرەپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. «يەنە ‹رۇخسىتىڭ بولسۇن ماڭا› دېگەن ناخشا توغرىسىدا بىر رىۋايەت بار. 1919 - يىلى شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئەلنەغمە سەنئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئوردىدا كاتتا مۇقام مەركىسى قىلغان، بۇ مەركىگە قومۇلنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇستا ئېيتقاق، سازەندىلەرنى يىغىپ، ھەر بىر يۇرتنىڭكىنى ئايرىم - ئايرىم ئېيتقۇزغان. ئاخىرقى كۈنى نومۇلۇق ئىككى ئايال ئېيتقاقلا نۆۋەت كەلگەندە، شۇ مەيداندا شاھ مەخسۇتمۇ بار بولغاچقا، ئۇلار ئېيتىپ ئاخىرىغا كەلگەندە شاھ مەخسۇتنى كۆيلەپ تۆۋەندىكى ناخشىنى ئېيتقان:

ئېگىز تەختتە سەن ياتساڭ،
بوسوغۇڭدا ياتاي مەشۇق.
قولۇم سۇنسام ساڭا يەتمەس،
كۆزۈمگە توتىيا مەشۇق.
مەن كېتەرمگە كېتەرمەن،
شەرلىرىڭ قالسۇن ساڭا.
دۆلىتىڭنى تولا كۆردۈم،
رۇخسىتىڭ بولسۇن ماڭا.

بۇ ناخشىنى ئاڭلىغان شاھ مەخسۇت خۇش بولۇپ ناخشىچىلارنى چوڭ ئىنئام بىلەن قايتۇرغان» ⑧ . قومۇلدا تۈرلۈك شەكىلدىكى مەشرەپ، بەزمە، باراۋەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى قومۇل خەلق قوشاقلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. توي - تۆكۈن، ھېيت - ئايەملەردە بولىدىغان مەشرەپلەر، تۈنجى ياغقان قارنى قۇتلاشتىن باشلىنىپ، كۆك ئۈندۈرۈپ ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆك مەشرىپى، ئۇجمە باراۋىتى، قوغۇن باراۋىتى ۋە باشقا مەلىسلاردا بولىدىغان مەشرەپلەر بېيىت ئېيتىش ئەنئەنىسىنىڭ كەڭ سەيناسى ئىدى ⑨ . ئاشۇ كەڭ سەينا كۆرمەڭلىغان ھازىر جاۋاب بېيىتچىلەرنى ئاپىرىدە قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ قوشاق توقۇش ماھارىتىنى تاۋلىدى. ئۇلار تۇرغۇن بېيىت - قوشاقلارنى تۈرلۈك سورۇنلاردا ئىجاد قىلدى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياققان گۈزەل بېيىت - قوشاقلار كەڭ تارقالدى. بېيىت ئېيتىش ئەنئەنە سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ تەرەققىي قىلدى ھەم بىر قىسىم ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن بىرىكىپ كەتتى.

2. يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرىدىن باشقا مەشرەپلەر

بۇرۇنقىدەك كۆپ ئۆتكۈزۈلمەيدىغان ياكى چورتلا ئۆت-
كۈزۈلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن شۇ مەشرەپ-
لەردە ئېيتىلىدىغان كۆك بېيىتى، قار بېيىتى، پوتا بېيىتى،
چاي بېيىتى ۋە قىقاس بېيىتلىرىنىڭ نامايان بولىدىغان كەڭ
سەيناسى بوغۇلۇپ قالدى. پەقەت يۇز ئاچقۇ مەشرەپلىرىلا
بېيىتچىلەرنىڭ بىردىنبىر بېيىت ئېيتىشىدىغان سورۇنىغا
ئايلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن زامانىۋى مەدەنىيەت ۋاستى-
لىرىدىن ئۇنئالغۇ، ئېلېكترونلۇق رويال ۋە VCD ئاپپارات-
لىرى مۇقامچى، ئېيتقاقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، كىنو-
تېلېۋىزور قاتارلىقلار كىشلەرنىڭ مەشرەپلەرگە بولغان
ھېرىسمەنلىكىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يۇز
ئاچقۇدا بېيىت ئېيتىشىشتەك، يەنى ھەر بىر سورۇن ئۇچۇن
ئۆزىگە خاس بېيىت ئېيتىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنىنىڭ ئور-
نىنى ئالالمىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، نەق مەيدان تۇرمۇشى-
دىن ئېلىنغان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ھازىر جاۋاب
بېيىت ئېيتىشىش ئەنئەنىسىنىڭ ئورنىنى ئالالىغۇدەك زاما-
نىۋى مەنىۋى تۇرمۇش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا
يېڭى زامان مەدەنىيىتىنىڭ قۇربى يەتمىدى.

3. بېيىتلەردىكى يۇمۇرىستىك ئامىللار

«شەرقنىڭ مەدەنىيەت ئالىمىدە ئۆزىنىڭ پۈتمەس تۈ-
گىمەس بۇلىقى بىلەن ياشىرىپ تۇرغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتى يۇمۇرىستىك خاراكتېر ۋە يۇمۇرىستىك روھقا
باي ئەدەبىيات. يۇمۇرىستىك خاراكتېر بىلەن باغلانغان
لەتىپە، ساتىرا، كىنايە، ھەزىل، چاقچاق، ئېيتىشىش، يۇمۇر،
قوشاق...قاتارلىق خىلمۇخىل بەدىئىي شەكىللەر ئېغىز ئە-
دەبىياتىمىزدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان» [10] . بېيىت ئېيتى-
شىش ئۇيغۇرلارغا ئورتاق بولغان ئەنئەنە بولۇپ، ئۇنىڭ
قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تا بۇگۈنكى كۈندىمۇ داۋام-
لىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن يۇمۇ-
رىستىك خاراكتېرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى
بېيىتلەردە يۇمۇرىستىك ئامىللار ناھايىتى روشەن بولۇپ،
نەزمىي چاقچاق دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن بىر ئەر ئىدىم،
قالپىقىمنى قىرلىغان.
مۇنۇر بەگنى دورىغان،
بىر شىلىڭ كېپەكنى
يۆلەتمەي كۆتۈرىدىغان،
قوڭغۇزنى دۆڭگە تارتماي مىنىدىغان.
قاخشالمۇ قاخشال،
چاھار باغدا باخشال،
ھەممە خالايىق ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
گۈلى زەپەرگە ئوخشار،
ھە، يىگىتلەر قىقاس! [11]

دېمەك، بېيىتلەردىكى يۇمۇرىستىك ئامىللار ئۇنى يا-
راتقان ھەم ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار
ۋۇجۇدىدىكى يۇمۇرىستىك خاراكتېر تەرىپىدىن بەلگىلەن-
گەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بېيىت ئەنئە-
نىسىنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

4. ئۇيغۇرلارنىڭ بېيىت ئېيتىشىش ئەنئەنىسى ۋە شې-
ئىرىي تەپەككۇر

«شېئىرىي تەپەككۇر بولسا شېئىرىي ئەقىل- پاراسەت،
شېئىرىي سېزىم ئاساسىدا ناخشا- قوشاق مەدەنىيىتىنى يا-
رىتىدىغان، شېئىرىي رىتىم بارلىق جەريانىغا سىڭىپ كەتكەن
بىر خىل تەپەككۇر ئەندىزىسى... شېئىرىي تەپەككۇر تاق
بوغۇملۇق سۆزلەر ئىجاد قىلىنغان، ئېستېتىك ئاڭ دەسلەپ-
كى قەدەمدە شەكىللەنگەن، كىشلەر شېئىرىي رىتىمنى ۋە
شېئىرىي گۈزەللىكنى ھېس قىلغان زامانلاردا پەيدا بول-
غان... ئۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئورگانىك بىر قىسمى
بولۇپ، ئىككىسىنىڭ پەرقى تەپەككۇر جەريانى ۋە تەپەككۇر
نەتىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىرسىدە شې-
ئىر، قوشاق بولسا، يەنە بىرسىدە ھېكايە، نەسىر، كومېدىيە،
رەسىم قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئوب-
رازلىق تەپەككۇرنىڭ جەۋھىرى بولغان شېئىرىي تەپەككۇر،
ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئېخىمۇ ئالىي، ئېخىمۇ ساپ، ئى-
جادچانلىقتا ئېخىمۇ باي بولغان باسقۇچىدۇر... بۇ خىل
تەپەككۇر ھەم شېئىرىيەت ئىلمىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ،
ھەم ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىدىكى بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئەپ-
سانىۋى تەپەككۇر بىلەن ھازىرقى زامانىۋى دەۋردىكى
ئەقلىي تەپەككۇرگە نىسبەتەن ئېيتىلغان تەپەككۇر شەكلى.
شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى
ئۇنىڭ ئەپسانىۋى تەپەككۇر، ئەقلىي تەپەككۇرلەر بىلەن
بولغان تۆۋەندىكى ئېنىق قاتلاملىق سېلىشتۇرما جەدۋەل-
دە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان» [12] .

ئۇيغۇرلار شېئىرىي تەپەككۇر ئەنئەنىسىگە ئىگە بو-
لۇپ، بېيىت ئېيتىشىش ئەنئەنىسىنىڭ ھازىرغىچە داۋاملى-
شىپ كېلىشىنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى بىر ئىسپاتتۇر. ھەم-
مىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار دۇتار، تەمبۇرلىرىنى قوللى-
رىغا ئېلىپلا ئەمەس، باللىرىنى تەۋرىتىۋېتىپمۇ،

# ئەپسانىۋى، شېئىرىي ۋە ئەقلىي تەپەككۇرلەرنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى⑬

| | ئەپسانىۋى تەپەككۇر (野性思维) | شېئىرىي تەپەككۇر (诗性思维) | ئەقلىي تەپەككۇر (理性思维) |
|---|---|---|---|
| ئىقتىسادىي ئاساسى (经济基础) | يىغىپ توپلاش ۋە ئوۋچىلىق (采集狩猎) | ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق (传统农业) | زامانىۋى سانائەت (现代工业) |
| تەپەككۇر يادروسى (致思核心) | تەڭرى (神) | ئادەم (人) | ماددا ياكى نەرسە (物) |
| تەپەككۇر مۇددىئاسى (致思目的) | تەڭرىلەر ھىمايىسىگە ئېرىشىش (神的护佑) | ھېسسىياتنى ئىپادىلەش (表情言志) | ئىشنىڭ يولىنى بىلىش (明白事理) |
| تەپەككۇر ئۇسۇلى (思维方式) | تېۋىنىش (膜拜) | بېشىدىن كەچۈرۈش (体验) | ئىزدىنىش (探索) |
| تەپەككۇر يوللىرى (思维途径) | سىرلىق (神秘互渗) | ھېسسىيات ۋە مۇھىت گىرەلەشكەن (情景交融) | سەۋەب نەتىجە باغلانغان (因果关联) |
| تەپەككۇر ھالىتى (致思心态) | سادىقلىق، ھۆرمەت (虔诚崇敬) | قايناق ھېسسىيات (激情荡漾) | سوغۇق قان، ئوبيېكتىپ (冷静客观) |
| تەپەككۇر تەلىۋى (致思要求) | ئويلىغاندەك چىقىشى (灵验) | جانلىق ۋە تەسىرلىك (生动) | خاتاسىز، ئېنىق (精密) |
| سۇبيېكتىپ ـ ئوبيېكتىپ (精密) | قارىغۇلارچە ئەگەشمەك (盲从) | ئۇيغۇنلۇق (ئۇيقاشلىق) (和谐) | بويسۇندۇرۇش (征服) |
| ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى (风格特征) | قوپال، ئەسەبىي (风格特征) | مەنىلىك، گۈزەل (含蓄秀雅) | ئېنىق، ئېھتىياتچان (清晰严谨) |
| تەپەككۇر نەتىجىسى (致思成果) | ئەپسانە، دىن (神话宗教) | ناخشا ـ قوشاق مەدەنىيىتى (诗歌文化) | پەن ـ تېخنىكا (科学技术) |
| تەپەككۇر ئاساسى (思维基质) | ئىپتىدائىي لوگىكا (原逻辑) | باغلانما تەسەۋۋۇر (比兴) | لوگىكا (逻辑) |
| تەپەككۇر لىنىيىسى (致思主线) | ھېسسىياتتىن ھالقىغان (超感) | رىتىم (韵律) | قانۇنىيەت (规律) |

ئېتىز ـ ئېرىقلاردا ئىشلەۋېتىپمۇ، جەڭ مەيدانلىرىدا جەڭ قىلىۋېتىپمۇ، دۈشمەن قىلىچى ئاستىدا تۇرغان چاغلىرىدىمۇ ئۆز كەچمىشلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمان، تەشۋىشلىرىنى، ئۆرـ كەشلەپ تۇرغان قايناق ھېسسىياتلىرىنى بېيىت ـ قوشاق ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن. بۇ خىل بېيىت ـ قوشاقچىلىق مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىي سېزىمى ۋە شېئىرىي ئەقىل ـ پاراستىنى يېتىلدۈرگەن.

ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى - ئەپسانىۋى تەپەككۇر، شېئىرىي تەپەككۇر ۋە ئەقلىي تەـ پەككۇردىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل تەـ پەككۇر شەكلىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە تەدرىجىي ھالدا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈش جەريانىدۇر. «ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە يېتەكچى ئورۇندا تۇرـ دىغىنى ئەپسانىۋى تەپەككۇر بولۇپ، شېئىرىي تەپەككۇر بىخلىنىۋاتقان بىر ھالەتتە، ئەقلىي تەپەككۇر بولسا يوشۇـ رۇن ھالەتتە بولىدۇ. ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق جەمئىيىتىدە

شېئىرىي تەپەككۇر يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتىدۇ، ئەقلىي تە-
پەككۇر يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە ئۆتۈپ، ئەپ-
سانىۋى تەپەككۇر بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، زامانىۋى سانائەت
جەمئىيىتىدە بولسا، ئەقلىي تەپەككۇر يېتەكچى ئورۇنـغـا
ئۆتۈپ، ئەپسانىۋى تەپەككۇر قايتىدىن باش كۆتـۈرىــدۇ،
شېئىرىي تەپەككۇر بولسا، يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتىدۇ» ⑭ .
ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر يادروسى
تەڭرىلەرگە باغلانغان. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە تەڭـرىــلـەر
يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۆزلىرىگـە بـەخت
كەلتۈرەلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەر خىل يوللار بىلەن تەڭ-
رىلەرگە تاۋاپ قىلىش ئارقىلىق كۆڭۈللىرىنى ئەمىن تاپ-
قۇزغان. بۇ چاغدىكى تەپەككۇر ئەپسانىۋى تەپەككۇر بو-
لۇپ، دىنىي پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. ئوۋچىلىق ۋە تە-
بىئەتتىن يىغىپ، تويلاش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بۇ ئىن-
سانلارنىڭ نەزەرىدە، مەلۇم بىر مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋە
بېرىشى، شۇ خىل دەرەخنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان سېھرىي
كۈچىنىڭ بولغانلىقىدىن دەپ قارالغان. ئەنئەنىۋى دېھقان-
چىلىق جەمئىيىتىدە بولسا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى يېڭى
بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ھايۋانلارنى بىۋاستە
ئوزۇقلۇق قىلىشتىن ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئۆتۈپ،
ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق، ئىپتىدائىي ناخشـا ـ ئۇسـسـۇل
سەنئىتى مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. كىشىلەرنىڭ سۇبيېك-
تىپ ئېڭى ئويغىنىپ، تەڭرىلەرنىڭ ئەسلىدىكى يۈكسـەك
ئورنى تەدرىجىي ھالدا توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بە-
لەن ئىنسانلار شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ يېتەكچىلىك ئورۇنغا
قاراپ سىلجىشى كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. بۇ دەۋردە
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى تېز سۈرئەتتە راۋاجلە-
نىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ قوشاق مەدەنىيىتىنىڭ تەرەق-
قىياتىمۇ دەل بۇ دەۋردە ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئې-
رىشتى ھەم پىشىپ يېتىلدى، ناخشا ـ قوشاق مەدەنىيىتى
ئۇلارنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا
ئۆتۈپ، دەۋرمۇ دەۋر تاۋلاندى، كىشىلەر شېئىرىي كۆز بە-
لەن ئەتراپتىكى دۇنياغا باقىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن ئەتراپتىكى
پۈتكۈل دۇنيا، تۇرمۇشنىڭ ھەربىر دېتالى بىر پارچە گۈزەل
شېئىر بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ئۇلار:

«ئەدەپ ـــ دەرەختۇر، ئىلىم ـ مېۋىدۇر، دەرەخسىز
مېۋە نەدىدۇر» دەپ دەرەخنىڭ مېۋە بېرىشىنى ئىلاھ-
لارغا باغلىماي ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن ئىلىمگە باغلىغان.
ئۇيغۇرخەلق بېيىتلىرىدە ئەنە شۇنداق تەبىئەت بىلەن ئا-
دەمنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن سىماسى جىلۋىلىنىپ
تۇرىدۇ. مەسىلەن:

«ئاققىنە ياغلىق ئىچىدە
بىر تۇگۈن گۈل ساقلىدۇق.
گۈلنى ئېلىپ بېشىمىزغا
تاجى قىلىپ ساقلىدۇق.
ھەر تەرەپتىن تاما تاپتى،
ھېچ كىشىگە باقمىدۇق.
قەدرىمىزنى بىلىدۇ دەپ،
ئۆزلىرىگە ساقلىدۇق.» ⑮ دېگەن بېيىتتە ئېيتىلغان

«ئاق ياغلىق ئىچىدە ساقلانغان گۈل» كىشىلەر نەزەرىدە
تويى بولغان غۇبارسىز قىزنىڭ ئۆزى ئىدى. مانا بۇ شې-
ئىرىي تەپەككۇردىكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىر گەۋ-
دىگە ئايلىنىشىدىكى بىر نامايەندىدۇر. شېئىرىي تەپەك-
كۇردە تەڭرىنى مەركەز قىلىشتىن ئادەمنى مەركەز قىلىشقا
تەرەققىي قىلغانلىقىنى، شەيئىلەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرد-
سىدىكى ئوخشاشلىق، ئىچكى باغلىنىشقا ئەھمىيەت بې-
رىلگەنلىكنى بايقىلىدۇ. شېئىرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتــىـدە
يۈكسەك ئورنى بار، ئۇيغۇرلار شېئىرىي تەسەۋۋۇرغا ئىن-
تايىن باي. ئۇلار ئۆرپ ـ ئادەتكە، شېئىرىي پىكىر قىلىشقا
ئەھمىيەت بېرىدۇ. لېكىن، ئۇلار تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە-
كى شەيئى ھەم ھادىسىلەرگە نىسبەتەن ئەقلىي تەپەككۇر
ۋە سوغۇق قانلىق بىلەن لوگىكىلىق نەزەرىيىۋى خۇلاسە
چىقىرىشقا دېگەندەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار
يەنە ئوبرازلىق تەسۋىرلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، مەزمۇننى
يىغىنچاقلاشقا سەل قارايدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئابستراكت
نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنەلمەسلىكىدىكى ئاسا-
لىق سەۋەب. نەتىجىدە كىشىلەردە ئەجدادلارنىڭ تەجرد-
بە ـ ساۋاقلىرى ۋە بۇرۇنقى تەييار چارىلىرىغا ئەھمىيەت
بېرىپ، دەستەكچىلىك پەلسەپىسىنى بازارغا سېلىپ، پەن ـ
تېخنىكىغا سەل قاراپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يۈزە بايان
قىلىش بىلەن قانائەتلىنىپ، ھادىسىۋى قاتلامدىلا توختاپ
قالىدىغان پىسخىكىنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. كىشىلەر-
نىڭ بارلىق نەرسىلەرگە شېئىرىي كۆز بىلـەن قـارىـشى،
ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ شېئىرلىششى ھەم شېئــرلارنــىڭ
ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.
شۇنىڭدەك كىشىلەردە شېئىرىي كۆز بىلەن دۇنياغا باقە-
دىغان، شېئىرىي تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق ئوبيېكت بە-
لەن سۇبيېكت ھەم تەبىئەت بىلەن ئىنسانلار مۇناسىۋىتىگە

ھۆكۈم قىلدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ قويغان. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە تۇرمۇش بىر شېئىر، كىشىلىك ھايات بىر شېئىر، پۈتكۈل دۇنيا بىر شېئىر بولۇپ، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ساخاۋەت، سەمىمىيلىك، مېھىر - شەپقەت يېغىپ تۇرۇشى، ئۇلار خۇددى بىر پارچە شېئىرغا ئوخشاش ئىجىل - ئىناق ئۆتۈشۈشى كېرەك، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتمۇ شېئىرغا ئوخشاش ئۆزئارا ماسلىششى، بىر - بىرىگە ئۇيغۇنلىششى كېرەك، دەپ قارىلىدۇ ⑯ . شۇڭلاشقىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرىدە ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ھېسسىلىقنىڭ كۆپ بولۇشى، سوغۇق قانلىقنىڭ، ئەقلىيلىكنىڭ كەمچىلرەك بولۇشى گەۋدىلىكرەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يالقۇنلۇق مېھىر - مۇھەببەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان زىيادە كۆيۈمچانلىق، سەمىمىيلىك، تۈز كۆڭۈللۈك، ئاددىي - ساددىلىق، مەردۇ - مەردانىلىق، مېھماندوستلۇق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بىرىدىن ئۇلارنىڭ شېئىريي تەپەككۇرى ئەپسانىۋى تەپەككۇردىن يېتىلىپ ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، ئەپسانىۋى تەپەككۇر گەرچە يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قالدۇقلىرى يەنىلا مەۋجۇت. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي قىزغىنلىقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، تەپەككۇر قاتلىمىدا تەڭرىلەرگە باغلىنىشلىق ئىپتىدائىي دىن ئىزنالىرىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى قەدىمكى دەۋرلەرگە خاس بولغان ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ غايەت زور تەسىر كۈچىنى ئىسپاتلايدۇ، لېكىن بۇ خىل تەسىر كۈچ شېئىريي تەپەككۇرنىڭ ئۈزلۈكسىز پىششىپ يېتىلىشى، ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ ئۈزلۈكسىز يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە ئۆتۈشى بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلاپ بارىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، قومۇل يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرىدىكى بېيىت ئېيتىشىش ئەنئەنىسى، تارىختا ئۆتكەن قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ خەلق مەشرەپلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىدىن ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ باي بولغان شېئىريي تەپەككۇرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان بېيىت ئېيتىشىش ئەنئەنىسىنىڭ مىللىتىمىز مەدەنىيەت پىشخىك قۇرۇلمىسىدىكى مۇستەھكەم ئورنى، ئۇنىڭ ئۇزۇنغىچە كۆكلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بۇلاقتۇر.

ئىزاھلار:

① ج. ۋىكو: «يېڭى ئىلىم»، جۇ گۇاڭچيەن خەنزۇچە تەرجىمىسى، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1986 - يىل بېيجىڭ بىرىنچى نەشرى، 1987 - يىل 2 - باسمىسى، 237 - ، 239 - بەتلەر.

② ئارتتۇرۇك توخولۇ يېزا بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئايىسخان قاسىم 2004 - يىل 29 - ئۆكتەبىر ئارتتۇرۇك نومدا ئۆتكۈزۈلگەن قادىر بىلەن غۇنچەمنىڭ تويىدا ئېيتقان بېيت.

③ ئارتتۇرۇك بايدىن نۇرخان ئەتنىياز 2006 - يىلى 2 - سېنتەبىر ئارتتۇرۇكتە ئۆتكۈزۈلگەن تويدا ئېيتقان بېيت.

④ لاپچۇق بوستان مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەببۇل نىياز 2003 - يىل 18 - ئۆكتەبىردە لاپچۇقتا ئۆتكۈزۈلگەن شاكىرجان بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ تويىدا ئېيتقان بېيت.

⑤ ئەنۋەر مەتسەيدى: «ئەلنەغمە سەنئىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، 1998 - يىل، 1 - سان، 3 - بەت.

⑥ «جۇڭگو خەلق قوشاقلىرى شىنجاڭ تومى قومۇل شەھەر خەلق قوشاقلىرى»، قومۇل شەھەر خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈزۈپ باستۇرغان، 1992 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، «كىرىش سۆز» 6 - بەت.

⑦ باش پىلانلىغۇچى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتورى ئايشەم ئەخمەت، «ئوردا مەشرىپى» VCD پلاستىنكىسىدىن ئېلىندى .

⑧ سەمەت ئەسرا تۇرا: «قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي ئۆرنەكلىرىدىن»، «قومۇل مۇقاملىرى مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» 1993 - يىل قومۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى، تىل - يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسى تۈزگەن، 192 - بەت.

⑨ «جۇڭگو خەلق قوشاقلىرى شىنجاڭ تومى قومۇل شەھەر خەلق قوشاقلىرى»، قومۇل شەھەر خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈزۈپ باستۇرغان، 1992 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى، «كىرىش سۆز» 7 - بەت.

⑩ ئەسەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى يۇمۇرىستىك خاراكتېرنىڭ مەنبەيى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىل 3 - سان، 24 - بەت.

⑪ ئېلى ئىسمايىل: «قومۇل نەزمىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى، 651 - 652 - بەتلەر.

⑫ ، ⑬ ، ⑭ تەن دېچىڭ: «شېئىريي تەپەككۇر نەزەرىيىسى ۋە جۇڭگو شېئىرىيەت روھىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى»، «گۇاڭشى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن) 1997 - يىل 4 - سان، 55 - ، 57 - بەتلەر.

⑮ ئېلى ئىسمايىل: «قومۇل نەزمىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى، 574 - 575 - بەتلەر.

⑯ ياڭ زىيى: «مىسال كەلتۈرۈپ سېلىشتۇرۇش ۋە شېئىريي تەپەككۇر»، «پايتەخت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 - يىل 2 - سان، 62 - بەت.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2004 - يىللىق فولكلور كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى

# «ئەللەي بالام» ئويۇنى



مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار

ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك، ئۆزىنىڭ نازۇك ھېس-تۇيغۇسىنى، قايغۇ ياكى شادلىقىنى ناخشا-قوشاق ۋاستىسى ئارقىلىق ئىزھارلاش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى ئاتا-بوۋىلىرى ۋە ئۇلار ياشىغان دەۋرلەر بەخش ئەتكەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلارغا مۇناسىپ كېلىدىغان روشەن مىجەز-خاراكتېر ۋە قابىلىيەت يېتىلدۈرگەن؛ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى نورمال پائالىيەتلەر (ئاش-تاماق ئېتىش، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، چارۋا-ئۇلاغ ۋە ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش، بالا تەربىيىلەش قاتارلىقلار)غا سەنئەت تۈسى بېرىپ، ئۆز-ئۆزىنى بەزلەشنى ئۆگەنگەن، شۇنداقلا يەنە تۇرمۇش قەدەمدە بىر ئاپىرىدە قىلىپ تۇرىدىغان «كۈلكە» بىلەن «يىغا» ئېلىپ كەلگەن شاد-خۇراملىق ۋە دىشۋارچىلىقلارغا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ھەر خىل مۇۋاپىق يوللىرىنى تېپىشقا تىرىشقان ھەم تاپقان. مەسىلەن، ئۇلار يىلنىڭ تۆت پەسلىدىكى ئوخشاشمىغان كىلىمات شارائىتلىرىدا پەرزەنت تەربىيىلەش، ئىش يۈرۈشتۈرۈش، ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىش، ئۆزئارا چۈشىنىش، كۈندىلىك تۇرمۇشقا لەززەت بېغىشلاش مەقسىتىدە «ئورما ناخشىسى»، «مۇساپىر ناخشىسى»، «ئەللەي ناخشىسى»غا ئوخشاش ئۆلمەس خەلق ناخشىلىرىنى ئىجاد قىلغان، ھەتتا توي-تۆكۈن، مېھماندارچىلىق، ھەر خىل خاتىرە كۈنلەرگە بېغىشلانغان پائالىيەتلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىغىمۇ سەنئەت تۈسى بەرگەن، قوشاق توقۇپ يىغلاش بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

دېمەك، ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى، بولۇپمۇ مېھرىبان ئانىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلىرى ئۇلار پەپىلەپ يېتىشتۈرگەن ئۇماق قىزلارغا بىر ياخشى سورۇن ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى ئانىسى ياكى مومىسىدىن ئاڭلىغان «ئەللەي ناخشىسى» ۋە ساماۋى چۆچەكلەرنى ئەۋرىشكە قىلىپ، قۇدرىتى يەتكەن دائىرىدە ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپ ھاياتلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەن. «ئەللەي بالام» شۇلارنىڭ ئويۇنىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «ئەللەي» ناخشىسىنىڭ بالىلارچە كىچىكلىتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما «ئەللەي بالام» ئويۇنى ھەرگىزمۇ «ئەللەي ناخشىسى»نىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى بۇ ئىككىسىگە تەۋە قوشاق ياكى باشقا مەزمۇنلار بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

ئەللەي بالام ئويۇنى «بۆشۈك ئويۇنى» ۋە «قونچاق ئويۇنى»دىن پەرقلىق ھالدا باشتىن-ئاخىر قوشاق ئېيتىشنى ئاساس، باشقا پائالىيەتلەرنى قوشۇمچە قىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، ئۇنى ئۆي، ھويلا ياكى ئازادە، تىنچ سورۇنلاردا مەخسۇس قىزلار ئوينايدۇ، بۇ ئويۇن بىر يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە ئويناشقا ماس كېلىدۇ. ئويۇن باشلىنىشتىن ئاۋۋال قىزلار (بۇ ئويۇننىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى سالمىقى بىرئاز ئېغىر بولغاچقا، يەتتە، سەككىز ياشتىن يۇقىرى قىزلار قاتنىشىدۇ) تەڭ ئىككى كامانىدىغا ئايرىلىدۇ. ھەر كاماندىدا بەش ياكى ئالتە بالا بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئاندىن ئىمكانىيەتكە قاراپ ھەر كاماندىغا بىردىن «بۆشۈك» تەييارلىنىدۇ. ئۇ بالىلارنىڭ ئىمكانىيىتىگە قاراپ ياسىلىپ، باشقا نەرسىلەر بىلەن جابدۇنسىمۇ بولىدۇ. پەقەت شەكلەن «بۆشۈك»كە ئوخشىسىلا كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئويۇندا «بۆشۈك» ئەللەي بالام قوشىقىنى ئېيتىشتا ماسلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا گېزى كەلگەندە بىر بالا «ئانا» بولغۇچىنىڭ (زوڭ ئولتۇرغان يەنە بىر قىزنىڭ) تىزىغا بېشىنى قويۇپ دۈم يېتىپ «بۆشۈك»لۈك رولىنى ئوينىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

ئويۇن باشلاش نۆۋىتىنى ئالغان گۇرۇپپىدىن بىر قىز بۇ ئويۇنغا تەۋە قوشاقنى ئېيتىدۇ، ھەر ئىككى كاماندىدىكى باشقا بارلىق ئەزالار قوشاق ئېيتقۇچىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى

كۆرستىدۇ، بۇ ئويۇنغا تەۋە قوشاق بىرئاز كۆپ بولغاچقا، ھەر مەيدان ئويۇندا بىر نەچچە بالا (ئىككى كاماندىدىن تەڭ نىسبەتتە) ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ.

شەرت شۇكى، قوشاق ئېيتقۇچىلار قوشاقنى تـوغـرا، ئېنىق، تەمكىن، ھېسسىياتلىق ئېيتىشى، قوشاق مەزمۇنى بىلەن بوشۇك ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇشى، ئاڭلىغۇچىلار گەپ ـ سۆز قىلماي، تەرتىپلىك ئولتۇرۇپ نۆۋەت ساقلىشى لازىم. قايسى كاماندا ئەزالىرى قوشاقنى تەمتىرىمەي، باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز، ئۆلچەملىك ئوقۇيالىسا ئويۇن نەتىجىسى شۇلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

«ئەللەي بالام ئويۇنى» قوشىقى:

تاغدىن چىنار ئەپ چۈشۈپ،
بوشۇكنى رۇسلاڭلار.
قۇلۇنجانىنى ئولتۇرۇپ،
شۇمكىنى رۇسلاڭلار.
ئۆللەللەي بالامنى، ئۆللەللەي.

بالام ـ بالام بالىشور،
ئاللىچە ① كۆڭلەك يارىشۇر.
ئاللىچە كۆڭلەك ياراشسا،
بەگلەر ئوغلى تالىشۇر.
ئۆللەللەي بالامنى، ئۆللەللەي.

بالام ـ بالام تېقىرچاق،
ئىچىدىكى بېغىرچاق.
ئىككى تۇلۇم ئۇزۇقى،
كۆتىدىكى قوزۇقى (شۇمەك)،
ئۆللەللەي بالامنى، ئۆللەللەي.

ئاق يۈزلۈك ئايئىقىم،
دۇمباق چاقار تاتلىقىم.
خۇش خۇيۇڭنى كۆرگەندە،
كېلەر ساڭا مەستلىكىم.
ئۆللەللەي بالامنى، ئۆللەللەي.

تېقىرچاق، تېقىرچاق،
بوشۇكتىكى بوۋاقچاق.
ئۇندا ئوبدان چوڭ بولساڭ،
ئوبدان ئوينا بوۋاقچاق.
ئۆللەللەي بالامنى، ئۆللەللەي.

ئەلقامۇر ـ ئەلقامۇر،
ئالما يېسە چىش قامۇر (قامار).
ئالما يېگەن خانلارنىڭ،
چىرايىدىن تامۇر.
ئۆللەللەي بالامنى، ئۆللەللەي.

مېنىڭ بالام قايدىدۇر،
باللار بىلەن باغدىدۇر.
باغدا نېمە قىلىدۇ؟
بادام تېرىپ يۈرىدۇ.
ئۆللەللەي بالامنى، ئۆللەللەي.

باغدا بادام پىشىپتۇ،
تۆۋىگە توك ـ توك چۈشۈپتۇ.
مېنىڭ بالام بۇ باغدىن،
بادام تېرىپ يۈرۈپتۇ.
ئۆللەللەي بالامنى، ئۆللەللەي.

باغدا بادام پىشىپتۇ،
تۆۋىگە توك ـ توك چۈشۈپتۇ.
مېنىڭ بالام بوشۇكتە،
تولۇن ئايدەك يېتىپتۇ.
ئۆللەللەي بالامنى، ئۆللەللەي.

تاغدا قۇلان تېرىسى،
قىيىش بولۇر كۆن بولماس.
ياخشى ئاتا بالىسى،
غېرىب بولۇر، قۇل بولماس.
ئۆللەللەي بالامنى، ئۆللەللەي.

بۇ ئويۇندىكى قوشاقلارنىڭ يەنە مۇنداق ۋارىيانتىمۇ بار.

ھاي بولۇر... ھاي بولۇر،
قۇللار ئوغلى خان بولۇر.
بالام خانلار چوڭ بولسا،
ئاسماندىكى ئاي بولۇر.

ھاي بولۇر... ھاي بولۇر،
قارلىغاچنىڭ بالىسى.
ئۇچۇپ كەتكەن ئانىسى،
كېلەمدىكىن، كەلمەمدىكىن،
يېتىم قاپتۇ بالىسى.

ئۆللەي ـ ئۆللەي بالىسى،

سايىدا قالغاچ ئانىسى.
بىر كېچىدە مىڭ قوپۇپ،
ئاق سۈت ئۆللەي بەرگەن ئانىسى،
ئۆللەي بالامنى.

ئېگىز تاغنىڭ بېشىدا،
چېدىر تىككەن بوۋىسى.
ئاق شۇڭقارنىڭ يۈگىنى،
پىلىك سوزغان مومىسى، بالامنى ئۆللەي.

ھەر بىر ئىشتا يەتكەندۇر،
داداڭ ئىشقا كەتكەندۇر.
شىكار قىلىپ كەلسە ئۇ،
ئاغما خوشلۇق يەتكەندۇر، بالامنى ئۆللەي.

كىچىككىنە ئاي بولاق،
چۆرىسىدە ئويىنماق.
سەن ئاجايىپ چوڭ بولساڭ،
خەنتەكتەك يۇملاق، بالامنى ئۆللەي.

ئۆللەللەينىڭ بالىسى،
سايىدا ياتقان ئانىسى.
سارغانلىقتا قۇشقاچتەك،
ئۇچۇپ كەتكەن ئانىسى، بالامنى ئۆللەللەي.

بۇ ئويۇن بالىلار بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ، بالىلارغا ئاتا ـ ئانىنىڭ، بولۇپمۇ ساناقسىز كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ ئاق سۈت بەرگەن مۇقەددەس ئانىنىڭ چەكسىز مېھىر ـ شەپقىتى، ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ ئېپتىخارلىق ھەم تولىمۇ مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بالىلارغا كىچىكىدىن ئۆزى مەنسۇپ مىللەت ياكى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئاتا ـ ئانا بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق مۇساپىدىكى ئۆچمەس ئىزلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يېتىش لازىملىقىنى تونۇتۇپ، ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قايغۇسىغا يىغلاپ، شادلىقىغا كۈلۈشكە، تەقدىرداش بولۇشقا دالالەت قىلىدۇ.

① ئالىچە ـ چاقماق، ئالاپاساق.

---

ئاپتور: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۆزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخى كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «كۈلكە ـ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقىلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007 ـ يىللىق كېيىنكى يېرىم يىللىق مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN65- 1130\ 1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017
فاكس: 0991 ـ 4554015
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 30.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 5.00 يۈەن
ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# يادا تاش سېھرگەرلىكى

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر

يادىچىلىق سېھرگەرلىكى — ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيادا ياشىغان ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارىسىدا قەدىمكى زاماندىن بېرى داۋاملىشىپ، كەڭ تارقالغان بىر خىل ھەرىكەت. ئۇ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئازدۇر - كۆپتۇر پەرقلىق شەكىلدە سوغۇق، قۇرغاق، ھۆل - يېغىن ئاز تاغلىق ۋە يېرىم تاغلىق، يايلاق رايونلاردا يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن. بىز يادىچىلىقنىڭ تارىخى بىلەن چوڭقۇرراق تونۇشۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك مۇناسىۋىتى بار بولغان خەلقلەرنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**ھونلار زامانىسىدىكى جۇدۇن پەيدا قىلىپ، قار ياغدۇرۇشقا دائىر ئەھۋاللار.**

قار - يامغۇر يېغىش، جۇدۇن، شىۋىرغان بولۇش، چاقماق چېقىپ شامال چىقىش قاتارلىقلار تەبىئىي ھادىسىلەر بولسىمۇ، بىراق قەدىمكى ئىنسانلار ئۇنى بىر خىل سىرلىق ھادىسە دەپ چۈشەنگەن، يەنى بۇ ھادىسىلەرنى تەڭرىنىڭ ئىشى دەپ قارىغان. ھونلار زامانىسىدا بۇ خىل قاراش خېلى قويۇق ساقلانغان.

فەن يې، سىمابىياۋلار «كېيىنكى خەننامە»نىڭ 19 - جىلد «گېڭ يەننىڭ تەرجىمھالى»دا مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى تەسۋىرلىگەن:

خەن مىڭدىنىڭ 18 - يىلى (مىلادىيە 75 - يىلى) گېڭ گۇڭ غەربىي يۇرتتا ھونلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا تۇساتتىن «بوران چىقىپ، يامغۇر ياغدى، خەن قوشۇنلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھونلارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. ھونلار قورقۇشۇپ بىر - بىرىگە: ‹خەن قوشۇنلىرىنىڭ قالتىس كارامىتى بار ئىكەن، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە!› دېيىشىپ، قورشاۋنى بوشىتىپ كېتىپ قېلىشتى» ① .

بۇ خاتىرىدىكى مەزمۇنلارغا قارىغاندا، بوران چىقىپ، يامغۇر يېغىش خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا پايدىلىق ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەندەك چۈشەنچىگە كەلتۈرسىمۇ، ئەمما ئۇ بىزگە، ھونلاردا ھايات - ماماتلىق پەيتتە بوران چىقىپ، يامغۇر يېغىشنىڭ تەقدىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارايدىغان بىر خىل چۈشەنچىنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بەنگۇنىڭ «خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى»دە بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە مۇنداق بىر بايان بار: خەن سۇلالىسىنىڭ سۇترىشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلى ھونلارغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن دىڭلىڭ خانى ۋېيلۇ ئۇنىڭ ئارزۇلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەسەت قىلىپ، قامانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، لى گۇاڭلىنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە ئاي توختىماي قار يېغىپ جۇت بولۇپ كەتكەچكە، كۆپ مال، چارۋىلار

قىرىلىپ كەتتى، ۋابا تارقالدى، زىرائەتلەر پىشمىدى. تەشۋىشلەنگەن تەڭرىقۇت سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى ئۈچۈن بۇتخانا سالدۇردى ② . دېمەك، بۇ قېتىممۇ هون تەڭرىقۇتى توختىماي قار يېغىپ جۇت بولۇپ كېتىشنى تەڭرىنىڭ غەزىپىدىن بولغان ئىش دەپ قارىغان.

يۇقىرىقى خاتىرىلەر هونلارنىڭ قار، يامغۇر يېغىش، جۇدۇن بولۇپ بوران چىقىش قاتارلىق هادىسىلەر هەققىدىكى چۈشەنچىسىنى بىلىشكە ياردەم بېرىدۇ.

## رورەنلەردىكى يادىچىلىق سېھىرگەرلىكى

رورەنلەر ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە تارىخىي هۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان غەربىي يۇرت قوۋملىرىنىڭ بىرى. ئۇلار 芮芮، 蠕蠕 (هەر ئىككىلا خەت رۇرۇ دەپ ئوقۇلغان)، 柔然 دېگەن نام بىلەن ئاتىلىش ئومۇملاشقان، بۇ خەت رورەن دەپ ئوقۇلىدۇ. زامانىمىزدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر تارىخ هەۋەسكارلىرى جوجان ياكى جورجان دېگەن ياسالما ئىسىمنى قويۇۋېلىشقان. ئۇلارنى بەزى تارىخچىلار غەربنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاۋارلار دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار ئالتاي تىلى سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بولۇپ، خانلىقىنىڭ ئىچىدە ئىشلىتىلگەن تىل هون تىلىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تىل بولغان ③ . مانا مۇشۇ رورەنلەردىكى يادىچىلىق سېھىرگەرلىكى توغرۇلۇق ياۋسىلىيەن «لياڭنامە. يىلار. رورەنلەر تەزكىرىسى» (梁书·诸夷 · 芮芮传)دە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق يازغان: «ئۇلارنىڭ ئېلىدە سېھىرگەرلىك قىلالايدىغانلار بار بولۇپ، تەڭرىگە تىلاۋەت قىلىش بىلەن بوران چىقىپ، قار ياغدىكەن، دەسلەپ جاهان يورۇق بولۇپ كېتىدىكەن، ئاندىن كېيىن توپا ـ چاڭلار ئۇچۇپ ئالەمنى مالەم قىلىدىكەن...» قەدىمكى تۈركلەر يېڭىدىن باش كۆتۈرۈشنىڭ هارپىسىدا رورەنلەر بىلەن بىرگە ياشىغان. ئېگىز قاڭقىللارمۇ بىر مەزگىل رورەنلەر بىلەن بىر ئۇلۇس بولۇپ ياشىغان. رورەنلەردىكى يادىچىلىق سېھىرگەرلىكىنىڭ بولۇشى قەدىمكى تۈركلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل سېھىرگەرلىك بىلەن مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، دېيىش ئېهتىماللىقى بار.

## يۆبەنلەردىكى شامال چىقىرىپ يامغۇر ياغدۇرۇشقا دائىر ئۇچۇرلار

ۋېيشۇ «ۋېينامە. 102 ـ جىلد. يۆبەنلەر تەزكىرىسى»دە مىلادى 448 ـ يىلى يۆبەنلەر ئېلىدىن مەركىزىي جۇڭگوغا بارغان بىر ئەلچى «ئۆز ئېلىدە كاتتا سېھىرگەرلەر بارلىقىنى، رورەنلەر كېلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ قالسا سېھىرگەر ئاق يېغىن ياغدۇرۇپ، قارا بوران چىقىرىپ هەم قاتتىق قار ياغدۇرۇپ، رورەنلەرنىڭ ئوندىن ئىككى، ئۈچىنى سوغۇقتىن ئۆلتۈرۈپ، تىك موللاق ئاتقۇزۇۋېتىدىغان» ④ لىقىنى سۆزلەپ بەرگەن.

يۆبەنلەر خەنزۇچە تارىخىي هۆججەتلەردە 悦般 دەپ پۈتۈلگەن. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخ هەۋەسكارلىرى ياپپانلار دەپ ئات قويۇۋېلىشقان. ئۇلار ئەسلىي هونلار ئىتتىپاقىدىكى بىر قەبىلە بولۇپ، كېيىنكى خەن سۇلالىسى زامانىسى (مىلادى 25 ـ 220 ـ يىللار)غا كەلگەندە شىمالىي هونلارنىڭ غەرب تەرىپىگە سۈرۈلۈپ، كانگيە (康居)گە كېلىشكە ئەگىشىپ، كۇسەن ئېلىنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغ ئىچى (بۈگۈنكى قاراشەهەرنىڭ غەربىدىكى باينبۇلاق يايلىقى)غا كېلىپ ماكانلاشقان. شۇ يەر ۋېيبەن (洧盘) دەپ ئاتىلىدىغان بولغاچقا، يەر نامى قەبىلە نامى قىلىنغان دېگۈچىلەر بار. جەنۇبىي شىمالىي خانلىقلار زامانىسى (مىلادىيە 420 ـ 581 ـ يىللار)غا كەلگەندە ئۇلار قۇدرەت تېپىپ، غەربتە ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە كېڭەيگەن. ئاهالىسى 200 مىڭغا يەتكەن. ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، تىلى ئېگىز قاڭقىللار (高车部) بىلەن ئوخشاش بولغان ⑤ . بەزى تارىخچىلار يۆبەنلەرنى ياغما (样磨) قەبىلىسىنىڭ ئەجدادى دەپ قارايدۇ ⑥ .

يۆبەنلەر ئارىسىدىكى ئاق يېغىن، قار ياغدۇرۇپ، قارا بوران چىقىرىش هەرىكىتىنى چۈشەندۈرگەندە «ئىلى دەريا ۋادىسى ياكى يەتتە سۇ تەرەپتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدا قەدىمدىن باشلاپ يادىچىلىق سېھىرگەرلىكنى قوللانغانلىقنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئەڭ دەسلەپكى تارىخىي ماتېرىيالدۇر» دەپ قارىغۇچىلار بار ⑦ .

## قەدىمكى تۈركلەردىكى بوران چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرۇشقا دائىر ئۇچۇرلار

لىڭخۇ دېفىن «جۇۋنامە. 50 ـ جىلد. ياتلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق بىر خاتىرىنى قالدۇرغان: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى... ئىگىل نىشاچۇر (泥师都) دا ئاجايىپ بىر كارامەت بار بولۇپ، بوران ـ يامغۇرنى چىللاپ كېلەلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بار بولۇپ، بىرى، ياز تەڭرىسىنىڭ، يەنە بىرى، قىش تەڭرىسىنىڭ قىزى ئىكەن». مانا بۇ بايانلاردىن قەدىمكى تۈركلەردە بوران چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرۇشنى بىر خىل سېھىرگەرلىك ئارقىلىقمۇ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىدەك قاراشنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز.

## ئەفتالىتلاردىكى يادىچىلىق سېھرگەرلىكى

ئەفتالىتلار خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە، □厌□达 滑国悒阗, 悒达, 悒恒 دەپ يېزىلغان، ئەرەبچىگە Hayatila, Haital دەپ تەرجىمە قىلىنغان. پارسچىدا Hetal , Heftal دېيىلگەن، غەرب ۋە ھىندىستان ئاپتورلىرى ئاق ھونلار (白匈奴) دەپ ئاتاشقان. خەنزۇچە قەدىمكى ھۆججەتلەردە رۇجى (ياۋچى؟)لار ئۇرۇقىدىن، يەنە قۇس (车师) ياكى ئېگىز قاڭقىلىقلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقىدىن دەپ يېزىلغان. ئۇلار ئەسلىي جىنشەن (金山) تېغىنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان. شىمالىي ۋېي خانلىقى زامانىسى (مىلادىيە 386 ـ ، 534 ـ يىللار)غا كەلگەندە غەربكە كۆچۈپ، ماۋەرائۇننەھرگە كىرىپ، جەنۇبىتا توخارىستان، كەشمىر، قەندىھار، پەنجاپ قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن. جەنۇبىتا پىرسىيە بىلەن رىقابەتلەشكەن، شەرقتە رورەنلەر، ئېگىز قاڭقىللىقلار بىلەن يۈت تېپىشقان. كىنگىت، كۈسەن، سۇلې، ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەرنى ئۆزىگە قارام قىلغان. مىلادى 484 ـ يىلى پىرسىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، پادىشاھ فىرۇزنى ئۆلتۈرۈپ، پىرسىينى ئۆزلىرىگە ئۇلپان تۆلەيدىغان قىلغان ⑧ . ئەرەب تارىخچىسى تەبەرى (مىلادىيە 838 ـ ؟ 930 ـ يىللار) بىر ئەفتالىت پىرىخۇنىنىڭ تەھلىكىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق بىر ئۇچۇرنى قالدۇرغان: «بۇ بىر بەھەيۋەت توخار ئىدى (ئەسلىي مەزمۇن شۇنداق)، ئۇزۇن قىزىل قوڭۇر رەڭلىك ساقال ـ بۇرۇتلىرى ۋە كۆك كۆزلىرى بار ئىدى». بۇ ھەققەتەن يامغۇر ياغدۇرغۇچى سېھرگەر بولۇپ، قولىدا يادا تاشنى كۆتۈرۈۋالغان، پىرسىيە ساسانىلار پادىشاھى فىرۇز (مىلادى 459 ـــ 484 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بېشىغا بىردىنلا قار ياغدۇرۇپ، پادىشاھنى تۇركىستاندىن ۋاز كەچتۈرگەن، ھەممە نەرسىنى ئەفتالىتلارغا بېرىۋەتكۈزگەن (مىلادى 484 ـ يىلى) ⑨ .

بۇ باياندا ئەفتالىتلار توخارلار دېيىلىپ قالغان، لېكىن تارىخچىلار تەرىپىدىن يادىچىلىق سېھرگەرلىكى بىلەن شۇغۇللانغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھەققەتەن ئەفتالىتلار ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن.

## توققۇز ئوغۇزلاردىكى يادىچىلىق سېھرگەرلىكى

توققۇز ئوغۇزلار قەدىمىي تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ نامى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پائالىيىتى ناھايىتى جانلانغان. توققۇز ئوغۇزلار كۆچمەن چارۋىچى خەلق بولغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ياشىغان ۋاقىت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ نامى ئۇقۇم دائىرىسى ھەر خىل خەلقلەردە ھەر خىل چۈشەنچە پەيدا قىلىپ كەلگەن، ئەمما ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى زامانىمىز تارىخچىلىرى دەلىللەپ چىققان⑩ . مۇشۇ توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدىكى يادىچىلىق ھەرىكىتى توغرۇلۇق مىلادىيە 821 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھردىن يولغا چىقىپ، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختىگە بارغان ئەرەب ساياھەتچىسى (ئەلچىسى) تەمىم ئىبىن بەھر مۇخالخىل ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان:

«بۇ ئەلدىكى بىر غەلىتە ئىش شۇكى، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچە يادا تاشلىرى بار ئىكەن. ئۇلار شۇ تاشلار بىلەن ئۆزلىرى خالىغان چاغدا قار ـ يامغۇر ياغدۇرارمىش، ھاۋانى سوۋۇتارمىش، ۋەھاكازا. بۇ يادا تاش توغرىسىدىكى رىۋايەت ئۇلارنىڭ ئىچىگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنى ھەممە ئادەم بىلەرمىش. بۇ (تاشلار) پەقەت توققۇز ئوغۇز خانىغىلا مەنسۇپ بولۇپ، باشقا خانلارنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق ئىمىش» ⑪ .

توققۇز ئوغۇزلار، قەدىمكى تۈركلەر ئارىسىدىكى يادىچىلىق سېھرگەرلىكىگە دائىر ئۇچۇرلار خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردىمۇ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، ليۇشۈي يازغان «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» (旧唐书 · 回纥传)دە بايان قىلىنىشىچە مىلادى 765 ـ يىلى ئۇيغۇرلار تۈبۈتلەر بىلەن بەشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشىدا «ئۇيغۇر پىرىخۇنلىرى بوران چىقىرىپ قار ياغدۇرغان، ئۇرۇش كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتكەن، تۈبۈتلەر سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەن، ئوقيا كېرىچلىرى تارتىلماي قالغان ھەم چېدىردىن چىقالماي قالغان.»».

ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قەبىلىسى ھېسابلانغان سىرتاردۇشلار (薛延陀) ئارىسىدىكى يادىچىلىق سېھرگەرلىكى توغرۇلۇق ئۇۋۇياڭشيۇ «يېڭى تاڭنامە. سىرتاردۇشلار تەزكىرىسى» (新唐书 · 延陀传) دە «سىرتاردۇشلارنىڭ ئەجدادىدا قار ياغدۇرالايدىغان بىر خىل قابىلىيەت بار ئىدى، قانات ياساپ، ماھارىتىنى ئىشقا سالسىلا دەرھال بۇلۇت پەيدا بولاتتى» دەپ يېزىلغان. سىرتاردۇشلار ئۇزاق مۇددەت ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەركىبىدە ياشاش جەريانىدا ئۇلاردىمۇ يادىچىلىق سېھرگەرلىكى بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان بولسا كېرەك.

ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىدىكى يادىچىلىق سېھرگەرلىكنى يەنىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە ياردىمى بولىدىغان مۇنداق بىر قاراش بار. ئەينى چاغدا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە «يابۇتقار» ( 药刻葛 ) دېگەن بىر قەبىلە بار بولۇپ، غەرب شەرقشۇناسلىرى بۇ ئىسىم «ياغمۇر ـ قار» دېگەن ئىككى ئاتالغۇدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى، يەنى «ياغمۇر» (بۈگۈنكى تىل تەلەپپۇزىدا ـ ياغمۇر)دىكى «م» بىلەن «ب» ئالماشقان، دەپ قارىغان ⑬ . بۇ قاراش بويىچە يابۇتقار ـ ياغمۇر، قار ياغدۇرۇش سېھىرگەرلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇرۇق ياكى قەبىلە بولۇشى مۇمكىن.

## قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى يادىچىلىق سېھرگەرلىكى

قوچو ئۇيغۇرلىرى ئەرەبچە، پارسچە تارىخىي ھۆججەتلەردە توققۇز ئوغۇز نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ يادىچىلىقىغا دائىر مۇنداق بىر رىۋايەت بار بولۇپ، ئۇ «توپ ئاتار خوجام رىۋايىتى» نامى بىلەن تارقالغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «يالقۇنتاغلىق دىنسىزلار... ھېلى ياغمۇر، ھېلى قار ياغدۇرۇپ، ئىسلام لەشكەرلىرىنى بىغايەت (ناھايىتى) پاراكەندە قىلغان ئىمىش» ⑭ . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان توپ ئاتار خوجام ئالىپ ئاتا خوجام دېگەن ئىسمىنىڭ بىر خىل ۋارىيانتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئابدۇل پەتتاھ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جانلىق تىلىدا ئەلپەتتاھ خوجام دەپمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانى دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، سۇتۇق بۇغراخانغا كۈيئوغۇل بولۇپ، نۇر ئەلۇنۇر خېنىمغا ئۆيلەنگەن. «تەزكىرەئى بۇغراخان»، «تەزكىرەئى ئوبۇ ناسىر سامانى» ۋە «تەزكىرەئى ئالىپ ئاتا» قاتارلىق چاغاتاي تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان قولىيازمىلار ۋە «توپ ئاتار خوجام رىۋايىتى»دىكى مەزمۇنلارغا قارىغاندا ئابدۇل پەتتاھ (ئۇيغۇرچە ئىسمى ئالىپ تېگىن) تەخمىنەن مىلادىيە 970 ـ يىللىرى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، قوچو ـ ئىدىقۇت قوشۇنلىرىغا يۈرۈش قىلغان ھەم ئۈرۈمچى، تۇرپان ئەتراپىغا يېتىپ بارغان. ئابدۇل پەتتاھ بوغدا كۆلىنىڭ تۇرپان تەرەپىدىكى تاغ يامزىلىدا رەقىبلىرى قۇرغان پىستىرمىغا چۈشۈپ قېلىپ، قەتلى قىلىنغان ھەم شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. كېيىنكىلەر ئۇ دەپنە قىلىنغان مازارنى «توپ ئاتار خوجام مازىرى» دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭدىن 400 يىللار ئۆتكەندىن كېيىن تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئەمىر خودايدات قويغان «تارخان بەگ»لەردىن بىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئابدۇل پەتتاھنىڭ مېيىتىنى ئاقتاغنىڭ ئۈستىدىن ئاق تۆگىگە ئارتىپ ئاستانىدىكى قەبرىستانلىققا يۆتكەپ قايتىدىن دەپنە قىلغان ⑮ . رىۋايەتتىكى مەزمۇنغا ئاساسلانغاندا، قوچو ئۇيغۇرلىرى ئابدۇل پەتتاھ باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن بوغدا تېغى باغرىدا ئۇرۇش قىلغاندا يادىچىلىق سېھرگەرلىكنى ئىشقا سالغان.

## قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى يادىچىلىق

قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى قەبىلىلەرنىڭ يادىچىلىق سېھرگەرلىكى توغرىسىدا مۇنداق خاتىرىلەر بار. مەھمۇد كاشغەرى «يات» دېگەن ئاتالغۇنى چۈشەندۈرگىنىدە مۇنداق بىر ئۇچۇرنى بېرىپ ئۆتكەن: «يات ـ يادا ياغمۇر ياغدۇرۇش ۋە شامال چىقىرىش ئۈچۈن يادا تېشى بىلەن قىلىنىدىغان كاھىنلىق» ⑯ . «ياتلاتتى، يادا قىلدۇردى. بەگ ياتلاتتى، بەگ (شامال چىقىرىپ، ياغمۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن) يادا قىلدۇردى. بۇ تۈرك يۇرتلىرىدا مەشھۇر بىر ئىشتۇر. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىزنى بىلەن يادا تاشقا ئوقۇش ئارقىلىق شامال، سالقىنلىق ۋە ياغمۇر پەيدا قىلىنىدۇ» ⑰ . يەنى «يات يادا، بۇ بىر خىل سېھرگەرلىك بولۇپ، ياغمۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ، بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا، يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغاندى، تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى» ⑱ .

ياغمىلاردىكى يادا تاش سېھرگەرلىكىگە قارىغاندا «ياغما» دېگەن سۆز قار، ياغمۇر «ياغدۇرغۇچى» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى، يەنى «ياغ»، «ياغماق» دېگەن پېئىلدىن ياسالغان ئىسىم بولۇشى مۇمكىن.

بۇ دەۋردە خېلى تەسىرى بار قەبىلىلەر كەمەكلەر ئارىسىدىكى يادىچىلىق سېھرگەرلىكى توغرىسىدا X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان ئىبنى فەزلان ۋە مىسار قاتارلىقلار خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. ئىبنى فەزلان مىلادىيە 920 ـ 921 ـ يىللىرى بۇلغار ئېلىگە ئەلچىلەر ئۆمىكى تەركىبىدە بارغان ئابباسىلار خەلىپىلىكىگە تەۋە ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ساياھەتنامىسىدە كەمەكلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «... ئۇلاردا ياغمۇرنى ئۆزگە تارتىدىغان بىر خىل تاش بار ئىكەن. بۇ تاش بىلەن

خالىغان ۋاقىتتا يامغۇر ياغدۇرىدىكەن» [19] .

مىلادىيە 942 ـ ، 943 ـ يىللىرى سامانىيلار پادىشاھلىقىغا كەلگەن چىن (جۇڭگو)نىڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن بۇخارادىن چىنغا سەپەر قىلغان مىسار (تولۇق نامى ئەبۇ دۇلاف مىسار بىن ئەلى مۇخالخىل) 941 ـ 942 ـ يىللىرى يازغان «رىسالە»سىدە: كەمەكلەر ئېلىدە بىر تاش بار بولۇپ، يادا تاش دەپ ئاتىلىدىكەن، ھەر دائىم كىشىلەر يامغۇر سۇيىگە ئېھتىياجلىق بولسا بۇ تاشقا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن يامغۇر ياغدۇرىدىكەن» [20] دەپ يازغان. كەمەكلەر قىماق، يەمەك دېگەن ناملار بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ، ئۇلار قەدىمىي تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن بولۇپ، قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇلار ئوغۇز دالىسى (قىپچاق دالىسى)دا ياشىغان.

يۇقىرىقى ئىككى خاتىرىدىن قاراخانىلار خانلىقى زامانىسىدا يادىچىلىق سېھىرگەرلىكى خېلى ئومۇمىي ھەردىكەت ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

ھەمەدانلىق مۇئەللىپ ئىبىن ئەل فەقىھ مىلادى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەبچە يازغان «كىتاب ئەل بولدان»ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغان:

«ئوغۇزلار، توققۇز ئوغۇزلار ۋە قارلۇقلارغا قوشنا بولغان خۇراسان چېگرىلىرىدىكى تۈركلەر ئارىسىدا خالىغان ۋاقىتتا يامغۇر ۋە قار ياغدۇرىدىغان ھەمدە شامال چىقىرىدىغان ئادەملەر بار بولۇپ، تۈركلەر بۇ تاش بىلەن خالىغان ۋاقىتتا يامغۇر، قار ياغدۇرۇپ، شامال چىقىرالايدىكەن. تۈركلەرنىڭ نەزەرىدىكى بۇ تاش بەك مەشھۇر بولۇپ، تۈركلەردىن ھېچبىر ئادەم بۇنىڭ (خاسىيىتى)دىن گۇمانلانمايدىكەن».

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تۈركلەر قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى تۈركلەر بولۇپ، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىبىن مۇخالخىل تۈركلەر دەپ ئاتىغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى كېرەك.

مەرۋەزىنىڭ ھېكايىسىدىكى خاتىرىسىگە قارىغاندا، خەلىپە مەمۇنمۇ يامغۇر ياغدۇرالايدىغان سېھىرلىك تاشقا قىزىقىپ قالغان؛ ئۇ ئابدۇللاھ ئىبىن تاھىر ئارقىلىق نوھ بىن ئەسەد بۇ تاشنى تەكشۈرۈپ كەلگەن. نوھ بىن ئەسەد يېزىدىكى قېرىلارغا مۇسۇلمان تۈركلەرنى چاقىرىپ كەلگۈزۈپ، يادا تاشنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن. ئۇلار: «بۇ ئىش ھەقىقەتەن راست، ئەمما ئۇنىڭ كېلىش جەريانىنى بىزمۇ بىلمەيمىز» دېيىشكەن.

خۇراسان ئەمىرى، ئىسمائىل بىن ئەھمەد (مىلادى 892 ـ ، 907 ـ يىللىرى ياشىغان) ئەل مەرۋەزىگە مۇنداق دېگەن: «مەن 200 كىشىنى باشلاپ تۈركلەر بىلەن جەڭ قىلدىم، ئالدىمىزدا تولۇق قوراللانغان 60 مىڭ تۈرك بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بىزگە تەسلىم بولغانلار ئىدى. بۇ تەسلىم بولغانلار بىزگە تۈركلەر تەڭرىدىن مۆلدۈر ياغدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، بىز ئۇلارغا بۇ قىلغىنىڭلار خۇداغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولمامدۇ، ئادەملەر بۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى» دېسەك، ئۇلار بىز سىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئېسىڭلارغا سېلىپ قويدۇق، قانداق قىلىشىڭلارنى بىلىۋېلىڭلار، ئۇلارنىڭ ساقلايدىغان ۋاقتى ئەتە ئەتىگەن» دېگەن. تاڭ يورۇغان، سايە ئاسماننى قاپلىۋالغان، قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقىشقا باشلىغان، كىشىلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتكەن، مەن ئىككى قېتىم تۇۋا ـ ئىستىغپار ئېيتتىم، تەڭرىگە دۇئا قىلدىم.

ئۇزاق ئۆتمەي، قارا بۇلۇتلار تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىنى بېسىشقا باشلىدى. قورقۇنچلۇق مۆلدۈرلەر چۈشتى، تۈركلەر شۇنداق قىلىپ مەغلۇپ بولدى [21] .

يۇقىرىقى مەلۇماتلار، قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ياداتاش سېھىرگەرلىكى كەڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

قاراخانىلار خانلىقى زامانىسىدا، غەرب تەرەپتە ياشىغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ يادا تاش سېھىرگەرلىكىگە دائىر ئەھۋاللىرى مۇسۇلمان مۇئەللىپلىرىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتقان ئەبۇ دولاف مىسار (Abu dulaf Misar)، ئىبنۇل ھەل فەقىق (Ibn Al- Fäkih)، ئىبىن ئىسا ئەل مەرۋەزى (Ebul- Abbas Ibn Muhämmäd I bin el- Märväzi)، ئەل مەقدىشى (Davut Ibn Mänsur Ibin Aliäl Bäghdisi)، گەردىزى (Abu Said Abd al- Häiy Ibn Puhak Gärdezi)، يەقۇتى (Yakut ibn Abdullah är- Rumi) قاتارلىقلار بۇ ھەقتە خاتىرىلەر قالدۇرغان.

ئىبنۇل ئەل فەقىق مىلادى 902 ـ يىلى يازغان بىر ئەسىرىدە [22] توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدىكى يادا تاش سېھىرگەرلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ئۇچۇر بەرگەن. بۇنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق.

**يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇللارنىڭ سۇ، يامغۇر تىلەش پائالىيەتلىرى**

«موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ 143 ـ پاراگرافىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئىت يىلى (1202 ـ يىلى)...

ئىككى تەرەپ ئېلىششقا ئاتلاندى، ئۇلار كۈيتەن دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ، ئىككى تەرەپ ئوقيالىرىنى بەتلەپ، قىلىچلىرىنى چىقىرىشىپ تۇرۇشىغا، قارشى تەرەپتىكى بۇيرۇق خان، قۇدۇق بەگ ئىككىسى جادۇلۇق قىلىپ، بوران ـ چاپقۇن چىقىرىۋەتتى، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن بوران ـ چاپقۇن قارشى يېغىپ كەتتى، ئىلگىرىلىيەلمەي جىلغىغا قاپسىلىپ قالغان جامۇقالار: تەڭرىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىدۇق! دەپ تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ كەتتى㉓ .

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ياشىغان خەنزۇ مۇئەللىپ تاۋزوڭيى «جەنۇب يېزىلىرىدىكى تېرىقچىلىق خاتىرىسى» 〈 南村车辍耕录 〉 ناملىق كىتابىنىڭ 4 ـ جىلد «يامغۇر تىلەش» 〈 祷雨 〉 بابىدا مۇنداق يازغان: «موڭغۇللار ئارىسىدا يادىچىلارنى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ يادا تاشلىرى يومۇلاق كېلىدىكەن. ئۇ ھېكمەت پۈتۈلگەن تۇمار دەپ قارىلىدىكەن. بۇ تاشلار باشقا ئىشلارغا كار قىلمايدىكەن. يادىچىلىق قىلىنغاندا بىر نەچچە دانىسى پاكىز سۇ ئېلىنغان تەڭنىگە سېلىپ قويۇلىدىكەن. چوڭلىرى توخۇ تۇخۇمىچىلىك بولۇپ كىچىكلىرى ئوخشىمايدىكەن. شۇنىڭغا قاراپ ئىچىدە ئەپسۇن ئوقۇلىدىكەن، ئاندىن تاشنى ھەردەم تەتلەندۇرۇپ، ئۇزۇن داۋاملاشتۇرىلىدىكەن. شۇنداق قىلسا كارامىتى كۆرۈلىدىكەن. ھەقىقەتەن ئاجايىپ خىسلەتلىك نەرسە بولۇپ، ئادەم ھەيران بولماي قالمايدىكەن. بۇ تاشنىڭ ئىسمى ‹جادا› ئىكەن. ھايۋانلارنىڭ قورسىقىدىن چىقىدىكەن. ئەمما ئۆكۈز، ئاتتىن چىقىدىغىنى قالتىس بولىدىكەن. بەئەينى دېڭىز ياغا ئوخشايدىكەن».

مۇشۇ دەۋردە ياشىغان يەنە بىر خەنزۇ مۇئەللىپ ㉔ يۈجى «داۋيۈەن شۆگۇلۇ» 〈 道园学古录 〉 ناملىق ئەسىرىنىڭ 6 ـ جىلد «يامغۇر تىلەشكە پەرمان بېرىشنىڭ مۇقەددىمىسى» 〈 诏使车祷雨序 〉 بابىدا يېزىشىچە: ئۇيغۇرلار ئېلىدە يالامان 〈 雅腊蛮 〉 دېگەن بىر تاغ بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇ تاغدا تەڭرى بار دەپ قارايدىكەن. تاغدىكى تەڭرىگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ بەرسە يامغۇر ـ يېشىن بولىدىكەن، دەپ ھېسابلايدىكەن. ئىچكىرى ئىقلىمغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار ئىچكىرى ئىقلىمدىمۇ ئىبادەتخانا سېلىپ، يالامان تەڭرىسىگە تېۋىنىپ تۇرىدىغان بولغان.

بۇ چاغدا ئۇيغۇرلاردا يەنە ئېقىۋاتقان سۇنى توختىتىدىغان چاغدىمۇ رەمباللىق قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدىغان ئەھۋال بولغان. مەسىلەن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى، سىلىنگالىق جەمەتىنىڭ پېشىۋالىرىدىن كىجىپۇر 〈 克直普尔 〉 سۇيى ئېقىپ تۇرۇۋاتقان بىر ئېرىقتا ئولتۇرۇپ، سۇنى توختىتىپ تۇرۇپ، ھۇزۇرلانغان ھالدا: ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ كېلىۋاتقان خان جەمەتىنى سېغىنىشىم ئوتتەك يالقۇنلاپ تۇرىدۇ، خۇددى ئارقاندەك ئۈزۈلمەيدۇ، سادىق، ۋاپادار دۇرمەن، نام ـ ئاتىقى ئەبەدىي ساقلىنىدۇ، دەپ سۆزىنى تۈگەتكەن ئىكەن. دەرياغا سۇ سېپىلىپ، دەريا سۇيى ئاۋۋالقىدەكلا تېز ئېقىپتۇ» ㉕ .

چىڭگىزخان زامانىسىدا نايمانلارنىڭمۇ يادا تاش سېھرىگەرلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدە پىرسىيىلىك تارىخچى راشىددىن فەزلۇللاخ «جامئۇتتەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە مەلۇمات بېرىپ: «نايمانلارنىڭ ئاقساقىلى ئوڭخان 1202 ـ يىلى چىڭگىزخانغا ھۇجۇم قىلغاندا، قار ياغدۇرۇپ، بوران چىقىرىپ، ‹يادالىمىشى (يادامىشى)› قىلغان... قار بىلەن بوران ئۇلار تەرەپكە ئۇچقان» دەپ يازغان ㉖ .

## تۆمۈرىلەر خانلىقى دەۋرىدىكى يادىچىلىق سېھرىگەرلىكىگە دائىر ئۇچۇرلار

مىلادى 1364 ـ يىلى ئەمىر تۆمۈر قوشۇنلىرى بىلەن موغۇلىستان قوشۇنلىرى ماۋەرائۇننەھىردە ـ سىر دەريا بويىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ئەمىر تۆمۈر قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان، جەڭ بولغان كۈنى قاتتىق بوران چىقىپ كەتكەن، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، چاقماق چېقىپ، يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇۋەتكەن، جەڭگاھتىكى چارۋامالالار بېلىقتەك لەيلەپ، ئاتلار پاتقاقتا پېتىپ قالغان. ئەمىر تۆمۈرنىڭ تارىخچىسى شەرەفىدىن ئەلى يەزدى (1360 ـ 1440) «زەفەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە بۇنى موغۇللارنىڭ يادا تاش ئۇسۇلىدىن بولغان، دەپ يازغان.

يامغۇر كۆپ ياغقاچقا، ئەمىر تۆمۈر قوشۇنىنىڭ ئاتلىرى نەم ھاۋادا تەرلەپ ئاستېرخا (asterkha) كېسىلى بولۇپ، تېخىمۇ ئورۇقلاپ كەتكەن، قوشۇنىنىڭ ھارۋا جابدۇقلىرى ھۆلدە بەكلا ئېغىرلىشىپ كەتكەن، پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ قەدىمىمۇ ئېغىرلاشقان، قوشۇنىنىڭ ئىشەنچىسى ئاجىزلىشىپ، جەڭگىۋارلىقى بوشاشقان.

موغۇل قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئوتلاقتا تۇرۇپ ئۇرۇشنى كۈتكەن. يامغۇر ياغقاندا كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ يامغۇردا قالماسلىقى ئۈچۈن كىگىز بىلەن يېپىپ قويغان، ئەمىر تۆمۈر قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا كىگىزلەرنى ئېلىۋېتىپ ئويناقلاپ تۇرغان ئات ۋە پېچەتى بۇزۇلمىغان قوراللار

بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلانغان.

ئەھۋالدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، موغۇلىستان قوشۇنلىرى ئۇرۇش قىلىشتا ئىلگىرى يادىچىلارنىڭ ياردىمىدە ھاۋارايىنى ئۇبدان كۆزىتىپ، يامغۇر يېغىشىن بولىدىغانلىقىنى ئالدىن پەملەپ، پۇختا مۇداپىئە تەييارلىقى قىلىپ، جەڭگە ئاتلانغان، نەتىجىدە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان.

ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋائى (1441 – 1501) يادىچىلىق سېھرگەرلىكنى شېئىرىي مىسرالاردا ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، ئۇ بىر شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

قاتتىغ كۈلكۈڭدىن ئاقتى خەلق ياشى،
كى يامغۇر بائىسدۇر يادە تاشى.

[يادىچىلارنىڭ يادا تېشى يامغۇرغا سەۋەب بولغاندەك، سېنىڭ كۈلكە – خۇشاللىقىڭ خەلقنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئاقتۇردى.]

ئۇ «خەزائىنۇلمەئانى»غا كىرگۈزۈلگەن «پەۋائىدۇلكىبەر» ناملىق ئەسىرىدە يەنە مۇنداق يازغان:

يادا تاشقا قان يەتكەچ ياغىن ياققۇدەك، ئەي ساقى،
ياغار يامغۇردەك ئەشكىم چۇن بولۇر لەئلىڭ سەراب ئالۇد.

[يادا تاشقا قان تەگدى، ئەي ساقى، ئەمدى يېغىن ياغماقچى، كۆز يېشىم يامغۇردەك ئاقىدۇ، ئۇ بەكمۇ كۆپ.]

بۇ يىللاردا شىنجاڭدىكى يادىچىلىققا دائىر ئەھۋاللار 16 – ئەسىردە ئۆتكەن ئەزەربەيجان سەيياھى سەيفى خاتىرىسىدە ئۇچرايدۇ. ئۇ شىنجاڭغا كېلىپ تۇرپاندىن مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا بېرىش جەريانىدا 40 كۈن چۆل سەپىرى قىلىپ، يازدا چۆلنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن كارۋان بىلەن «كىلىماتنى سوۋۇتۇش ئۇچۇن»، يادا ئەپسۇنى ئوقۇشقان. بۇ چاغدا ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە «شەمس»تىكى بىر ئايەتنى قىرائەت قىلغان ㉗ . بۇ قېتىملىق يادىچىلىق سېھرگەرلىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

17 – ئەسىرلەردە يېزىلغان موڭغۇللارغا دائىر خاتىرىلەردە يادىچىلىق توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، تۆت ئويرات ۋەسىقىلىرىدىن «جايابەندىدا تەزكىرىسى» (扎雅班迪达传) (163 – بەت)تە يېزىلىشىچە، چاشقان يىلى (مىلادىيە 1684 – يىلى) چوكۇر ئۇباشقا ھۇجۇم قىلغان. ئەنجاندىن داۋاملىق ھۇجۇم قىلىدىغان چاغدا، كۆكلىن (库林 ؟) تېغى باغرىدا يادىچىلىق سېھرگەرلىكى قىلىنغان.

## 18 – ، 19 – ئەسىرلەردىكى يادىچىلىق سېھرگەرلىككە دائىر ئۇچۇرلار

مانجۇ مۇئەللىپ چۈن يۈەن (椿园) مىلادى 1777 – يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» (西域见闻录) ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللارنىڭ يادىچىلىق سېھرگەرلىكى توغرۇلۇق قىممەتلىك مەلۇمات قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق ئېيتىلغان:

«يادا چىڭلىقتا تاشتەك، كۆك، سېرىق، قىزىل، ئاق، يېشىل ۋە قارا بولۇپ، رەڭگى بىر خىل ئەمەس. چوڭ – كىچىكلىكمۇ تەكشى ئەمەس. بۇ تاش ئۇي، يىلقىنىڭ قارنىدا شەكىللىنىدىكەن. بەزىلىرى كەسلەنچۈكنىڭ قويرۇقى ۋە توڭگۇزنىڭ كاللىسىدىمۇ بولىدىكەن. ئۇي، يىلقىنىڭ قارنىدا شەكىللەنگىنى ئېسىل بولىدىكەن. ئۇيغۇرلار يامغۇر تىلىگەندە، سۆگەتنىڭ چىۋىقى بىلەن تاشنى باغلاپ، پاكىز سۇغا پاتۇرسا يامغۇر ياغىدىكەن. بوران تىلىگەندە تاشنى توسۇن ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئاسىدىكەن، تۇمان تىلىگەندە تاشنى ئاتنىڭ بېلىگە تاڭىدىكەن، ھەرقانداق بىر ئىشنى تىلەيدىغان ئەپسۇنى ئايرىم بولىدىكەن. كارامەت بولماي قالمايدىكەن. ئۇيغۇرلار بىلەن تورغۇتلار (تورغۇت موڭغۇللىرى) كۆپىنچە يازدا سەپەرگە چىققاندا سالقىنداش ئۇچۇن ئىشلىتىدىكەن، ئىشلەتكۈچىلەر (يادا سالدۇق) دەيدىكەن، لامالار يادا سالسا كارامىتى بەك تېز كۆرۈلىدىكەن».

بۇ خاتىرىدە ئۇيغۇرلار «回人» دەپ يېزىلغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار ئۇنى «ئۇيغۇر» دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپقان ㉘ .

چۈن يۈەننىڭ بۇ خاتىرىسى غەربىي يۇرتنىڭ يادىچىلىق سېھرگەرلىكنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ، بۇ ئەسەر يېزىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا، غەرب ئالىملىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇلار ھەر خىل ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە بۇ بايانىنى ئارقا – ئارقىدىن نەقىل ئالغان ㉙ .

ياپونىيىلىك خانېدا ئاكىرا چۈن يۈەننىڭ خاتىرىسىنى ئىزاھلاپ مۇنداق يازغان: ئۇنىڭ خاتىرىسىدە بىر قانچە مەنىسى ئېنىق بولمىغان سۆز بولسىمۇ، يادا تاشنىڭ ھايۋاننىڭ تېنىدە شەكىللىنىدىغانلىقى، ھەر خىل يادا تاشنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئەپسۇننىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقى، لاما دىنىدىكى موڭغۇللار، ئىسلام دىنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ

ھەممىسى يادا ئەپسۇنى قىلدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بولدى... يەنى 17 ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن كېيىن كۆچمەن چارۋىچى لاما دىنىدىكى موڭغۇللار بىلەن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار شامان ئەقىدىسىدىكى يادا ئەپسۇنىغا ئىشىنىدىكەن㉚ .

موڭغۇل مۇئەللىپ خې نىڭ ( 和宁 ) 1808 ـ يىلى خەنزۇ تىلىدا يېزىپ چىققان «ئۈچ ئايماق ھەققىدە ئەسلىمىلەر» ( 三州辑略 ) ناملىق كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە: چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭ جىڭ 1 ـ يىلى (مىلادى 1723 ـ يىلى) شىنجاڭدىكى موڭغۇل بېزىلىرى ( 贝子 ) ۋە قومۇلدىكى ئۇيغۇر بېزىلىرىنىڭ قول ئاستىدا مەخسۇس ياداچىلىق قىلىپ يامغۇر تىلەيدىغان كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار يادىچى ( 砟答齐 ) دەپ ئاتالغان ۋە يامغۇر ياغدۇرۇش ئىشلىرى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان.

دېمەك، يادىچىلىق سېھرىگەرلىكى پۇقرالارنىڭ ئىشلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمدىن بېرى بۇ ئىشقا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغانلىقى خې نىڭنىڭ باياندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللىنىشكە ئېرىشىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا لوپلۇقلار ئارىسىدا يادىچىلىق سېھرىگەرلىكى بارلىقى توغرىسىدا تارىخچى موللا مۇسا سايرامى (1836—1917) «تارىخي ھەمىدى» (1908 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «يېقىنقى ئون يىلدىن بۇرۇن چىڭ دۆلىتى (سەچۋەن ئۆلكىسى) ئەتراپىدىكى بىر مۇنچە تۈڭگانى ئۇلۇغ خاننىڭ ئەمرى ئىنائىتىدىن چىقىپ، غەۋغا قوزغىغان چاغدا، ئۇلۇغ خان نۇرغۇن چېرىك ماڭدۇرۇپ ئۇرۇشقان، تۈڭگانلار باراۋەرلىك قىلالماي، ئىچىدىن 80 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق تۈڭگانلار قاچقانچە لوپ تەرەپكە قاراپ يولغا چىققان. ئارىلىقتا بۇ تەرەپتىكى بىر تائىپە قالماقلار جۇدۇن ـ يادا قىلىپ، ئاسماندىن قار، يامغۇر ۋە مۆز ياغدۇرغانلىقتىن، تۈڭگانلار نابۇت بولۇپ كەتكەن» ㉛ .

يۇقىرىقى ۋەقەلەر يۈز بېرىپ، ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 1891 ـ ، 1894 ـ يىللىرى «شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنسانشۇناسلىق بويىچە دالا تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى تەييارلىغۇچىلار تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇر قالدۇرغان:

«مۇبادا قاتتىق قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ قالسا، يامغۇر ياغدۇرالايدىغان پېرىخونلارنى تەكلىپ قىلىپ، يادىچىلىق سېھرىگەرلىكى قىلىنىدىكەن. يادىچى يامغۇر تىلەشتىن ئىلگىرى، مازارلىققا بېرىپ، ئەۋلىيالار تۇرغان جايىدا 41 كۈن تۇرۇپ، 7000 ئايەتنى ئوقۇپ چىقىدىكەن، يادىچىلىق سېھرىگەرلىكى مۇنداق بولىدىكەن: سېھرىگەر ھايۋاننىڭ ئاشقازىنىدىن چىققان تاشتىن بىرنى تېپىۋېلىپ، قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋاننىڭ قېنى تولدۇرۇلغان تاۋاققا چىلاپ، بىر تال تاياق بىلەن توختىماي ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئايەت ئوقۇيدىكەن، ئەگەر بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يامغۇر ياغمىسا، ئۇنداقتا يامان كىشىلەر ئېزىقتۇرغان دەپ قارىلىدىكەن. بۇ چاغدا سېھرىگەر تېخىمۇ كۆپ ئاقچا تەلەپ قىلىدىكەن. مۇبادا يامغۇر تىلەش سېھرىگەرلىكى ئەڭ ئاخىر مەغلۇپ بولسا ياكى ياغقان يامغۇر سۇ ئاپىتى پەيدا قىلىپ قالسا، دېھقانلار ئۆزلىرى ساختا قىلىنىپتۇق دەپ قاراپ، دەرھال سېھرىگەردىن جەرىمانە تەلەپ قىلىدىكەن، ھەم يادىچىنى قازىخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن، يادىچى ئۇ يەردە 100 دەررە ئۇرۇلىدىكەن ھەم بىر قانچە ھەپتە گۇندىخانىغا قاملىدىكەن» ㉜ .

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يادىچىلىق سېھرىگەرلىكىدىن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ پايدىلىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرغانلىقى توغرۇلۇق شائىر موللا شاكىر (1806—1871) «زەپەرنامە» ناملىق داستانىدا ئالاھىدە توختالغان. ئۇنىڭ يېزىشىچە، ئاقسۇ ئامبىلى سايىد ھېكىمبەگ خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشتا قورال كۈچىگە تايانغاندىن باشقا، سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر قىلىشنىمۇ قولدىن بەرمىگەن، ئۇ قوزى دېگەن بىر جاسۇسنى سېتىۋېلىپ، تاغدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان قۇربان دېگەن بىر يادىچىغا يادىچىلىق قىلدۇرغان. داستاندا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق تەسۋىرلەر بار:

بۇ ۋاقىتتا نۇشقا دېگەن تاغدا،
يادا قىلدۇرۇپ ئوت قورۇر چاغدا.
بۇ قۇربان دېگەن ھەممىنىڭ ئۇستازى،
ھەممە مالچىلارنىڭ گۇلدەستىسى.
يادا قىلدۇرۇر، مالچىلار مال بېرىپ،
ئانى ھەم ئالۇر ئۆز مېلىنى بېقىپ.
ئۆزى ئەھلى دۆلەت ئىرۇر ئەغنىيا،
خىيالىم ئالىپ كەلسە ئالغاي يادا.
ھاۋانى تۇتۇپ قىلسا گاھ جۇدۇن،
سۇ ئۈستىدە بولغاي ئۇلار بىر قۇيۇن.
ئۇلارنىڭ ئېگىن ئاياغى مول بولۇر،

قىيانلار كېلىپ، چۆللەر ھەم كۆل بولۇر.
چىقۇر كاردىن ھەممە جابدۇق ـ ياراق،
ئۇلار ھۆل بولۇر ھەممە باشتىن ـ ئاياغ.
پاناقاپ كىرەر ھەممىسى دالدىغا،
شەبى خۇن ㉝ ئورالى سالىپ كالللىغا.
بۇ سۆزنى ئىشىتىپ سايىدبەگ كۇلۇپ،
يەنە قايتا باشتىن تىرىلدى ئۆلۈپ.
كېڭەشلىك ئىكەندۇق دېدى باي قوزى،
دېدى زەرقى، داغولنىڭ نەق ئۆزى.
يېغى كەلمىدى ئورتادى ۋەھىمىسى،
بۇ باغنىڭ ئۇزاقراق ئىدى پەللىسى.
ئەۋەرسە بېگىم دورغا ياكاھسىنى،
سۇرۇپ كەلتۇرۇر ئۇشبۇ غەممازەنى㉞ .
بۇ ماڭغان كىشى نىسبى شەبدە بارۇر،
ھايال بولمىسا چۇش پېشىنگە كېلۇر.
ھېكىم بەگ بەردى ئاڭا گاھ سېنى،
كى تەيىن قىلىپ بەردى دىڭماسىنى.
ئۇچار قۇش كەبى يۇردىلەر تېز ـ تېز،
تاڭ ئاتقۇنچە باردى قىلىپ رەستا خىز.
ياداچىغا يەتكۇزدى كاھسى ھۆكۇم،
توقۇڭ ئاتىڭىزنى بارۇرسىز چوقۇم.
كى ئانداغ يۇرۇپ تېز سۇرئەت بىلە،
بۇ جامغا يېتىپ تۇشتى پېشىن بىلە.
كىرىپ كاھ بىلەن تۇردى تەئزىم ئېتىپ،
ئەجەب كەلدىڭىز ياخشى ۋاقتتا يېتىپ.
دېدى: قىل ھۇنەرنى ئىشلىڭ ئوخشىسۇن،
مۇبادا قىلىپ ئوخشىماي قالماسۇن.
قىلۇرمەن دېدى ساڭا كۆپ ئىلتىپات،
بۇ شۇڭقار، لاچىن، سېمىز يورغا ئات.
كېلىپ غۇسل ئاۋۋال تاھارەت قىلىپ،
ياداچى ㉟ چۇقۇر سۇغا كىردى بارىپ.
قولىغا ياداچى ئالىپ تاشنى،
مۇناجات ئوقۇپ تۆكتى كۆز ياشنى.
ياداچى يادا تاشنى چۆرۇپ تۇرۇپ،
ئوقۇپ ئايەتنى ئاسمانغا ھۇرۇپ.
كى، بىر سائەت ئىچرە تۇتۇلدى ھاۋا،
بۇلۇت گۇركىرەپ بولدى سۇيى ساما ㊱ .
كۆكەردى ھاۋا ھەم بولۇپ نىل گۇن ㊲ ،
كى كۇندۇز، كى كۇن گويا تېرە تۇن ㊳ .

بۇ سۆزلەرنى بىر ـ بىر دېدى ئول پەلىد ㊴ ،
بولۇپ سامئى ㊵ ھاكىمى سايىد.
ھېكىم بەگ بولۇپ خۇرەرمۇ شادىمان،
شەبىخۇن ئۇراي ئاڭا بەرمەي ئامان.
ھەممە مەستى خاب ئەردىلەر رويى خاك ㊹ .
ئىككى يەردىن ئاڭلاندى سەۋتى ئازان ㊺ ،
بۇ لەڭگەرنى قورشاپ يېغى بەئدازان ㊻ .
قىلىپ ئەھلى ئىسلامنى ئۇي مۇڭگۇزى،
بۇلار ھەر بىرى پىشەنىڭ توڭگۇزى.
تولاسى بۇ ئىل ئىدىلەر ئۇيقۇلۇق،
بۇ ئىشتىن ھەممە بىخەۋەر بىتۇيۇق.
ئاتىشقا تۇرۇپ پو بىلەن زەمبىرەك،
چۇماق نەيزە دەن ئۇزگىسى بى كېرەك.
ئاتاي دېسە ملتىقنى ئوت ئالمادى،
كى ھۆل بولمىغان نەرسە ھەم قالمادى.
ئېتىپ يا ئوقنى بۇ قالماق، سۇلۇن،
بۇ ئەتراپىدىكى چىققىنى بولدى خۇن.
ئاتانىڭ ئوغۇل بىرلە قالماي ئىشى،
ئەجەب كاجگۇندۇر پەلەك گەردىشى.
يۇرۇدى مۇسۇلمانلار بوزغا قاچىپ،
بۇ قالماق، سۇلۇن ئارقاسىدىن ئاتىپ.
يېغى ئوسمان ئاخۇننى ئالدى تۇتۇپ،
بۇ خۇننا بە ھەسرەت بىلەن قان يۇتۇپ.
يېغى چىرىگى يۇردى بوزغا قاراپ،
تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئات ـ ئۇلاقنى تالاپ ㊼ .

دېمەك، تەييارلىق دېگەندەك پۇختا بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇرۇشقا ئاتلانغان خەلق قوزغىلاڭچىلىرى بىر قېتىملىق يامغۇر ـ جۇدۇندا قېلىپ، ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. بۇ قېتىملىق ھۆلچىلىك يادىچىلارنىڭ سېھىرگەرلىكى بىلەن تاسادىپىي ماسلىشىپ قالغان. كۇچا قوزغىلىڭى ئەسلىي مىلادى 1864 ـ يىلى پارتلىغان، موللا شاكىر بولسا داستاننى 1864 ـ يىلى تاماملىغان. موللا شاكىرنىڭ داستانىدا يادىچىلىق سېھىرگەرلىكنى ئالاھىدە تەسۋىرلىشىدە يەنە مۇنداق بىر سەۋەبنىڭ تەسىرىدىن دەپ ئېيتىش مۇمكىنچىلىكى بار. يەنى ئۇ يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق داستانىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى يەزدى ئەسىرىدە ئۇرۇش پائالىيەتلىرىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەن ھەم ئۇنىڭدا يادىچىلىق سېھىرگەرلىكنى ئالاھىدە سۇرەتلىگەن، موللا شاكىرمۇ ئەسىرىنىڭ ماۋزۇسىنى ئوخشاشلىققا ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇرۇش

تېمىسىنى باش مەزمۇن قىلىپ يورۇتقان ۋە يادىچىلىققا بىر سەھىپە ئاجراتقان.

## 20 ـ ئەسىردىكى يادىچىلىق سېھىرگەرلىكىگە دائىر ئەھۋاللار

20 ـ ئەسىر ئىچىدە كىشىلەرنى ئالاھىدە ھەيران قالدۇرىدىغان يادىچىلىق سېھىرگەرلىكى توختىماي بولۇپ تۇرغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇزاق يىل ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان كادىر ھوشۇر ھاشىم (1917 ـــ 2002) ئاكىنىڭ 2000 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سۆزلەپ بېرىشىچە، مىلىتارىست جىن شۇرېن (1879ـــ1941) شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا (1928 ـ 1933 ـ يىللىرى)، بىر ئەتىيازدا ئۈرۈمچىدە ئۇزاق ۋاقىتقىچە يامغۇر ياغماي قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەن. جامائەت ئۈرۈمچى قازىسى ئابدۇخېلىل قارىھاجىنىڭ باشچىلىقىدا چوڭ دائىرىلىك زارا خەتمە ئۆتكۈزگەن. جامائەت دەسلەپ شۇيمۇگوغا كولىكتىپ چىقىپ، قوي، كالا سويۇپ قان ئېقىتقان، موللامالار قۇرئان قىرائەت قىلغان، ئاندىن ئوتتۇرا كۆۋرۈككە كېلىپ، يەنە قىرائەت قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كۈن توختىماي يامغۇر ياغقان.

شۋېتسىيىلىك شەرقشۇناس گۇننار ياررىڭ 1930 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلور ماتېرىياللىرىنى توپلىغان چاغدا يادىچىلىق سېھىرگەرلىكىگە دائىر ماتېرىياللارنىمۇ توپلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: «يادىچى گۇمدا يوق ئىكەن، قاغىلىق تەۋەسىدە زۇڭلاڭ دېگەن كەنتتە بار، ئاۋۋال زاماندىن تارتىپ شۇ جايدىن تولا ياداچى چىقىدۇ. مېنىڭ ئاڭلىغىنىم: يادا تاشنى سۇغا سېلىپ دۇئاسىنى ئوقۇسا، يامغۇر ياغار ئىمىش. ئىسسىق جايدا يادا تاشنى قويۇپ دۇئاسىنى ئوقۇسا كۈن چىقار ئىمىش... قاغىلىقتا بىر كىشى بار ئىدى، گۇمغا كېلىپ بىر مەررە يادا قىلىپ كۆك ياڭاقتەك مۇز ياغدۇرۇۋېتىپتىمىش، بەزى ئادەملەرنىڭ بېشىغا ياغقان مۇز تېگىپ بېشى ئىششىپ قاپتۇمىشكەن، خېلى ياز ۋاقتى ئىمىش ئىكەن، قوغۇنلارنىڭ سويمىلىرى مۇز تېگىپ يېرىلىپ كېتىپتۇمىشكەن. بۇ يادىچىنىڭ ياغدۇرغان مۇزى تال باراڭنىڭ خادىلىرىغا تېگىپ تال باراڭدىن تاراڭ ـ تۇرۇڭ ئاۋازلار چىقىپتۇمىشكەن» [48] .

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يادىچىلىق سېھىرگەرلىكى پائالىيىتى يەنە داۋاملىشىپ تۇرغان. 1950 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قومۇلنىڭ تاغلىرىدا ئۇزاق مۇددەت يامغۇر ياغمىغان ئىكەن، تاغدىكى چارۋىچىلار بىر مۇنچە سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، قومۇل يېزىلىرىغا كېلىپ، شۇ يەرلىك ئوتتۇرا ياش بىر موللام كىشىگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقان بىر ئىش يۈز بەرگەن ئىكەن، چۈنكى شۇ موللام كىشى ئىلگىرى شۇ تاغقا چىقىپ، بىر قېتىم سېھىرگەرلىك بىلەن يامغۇر ياغدۇرغان ئىكەن، چارۋىچىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇيغۇر موللام تاغقا چىقىپ، ئۇچقۇر ۋە توسۇن ئاتتىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ شۇ تاغدىكى بىر نىشانلىق بۇلاقنىڭ كۆزىگە پاتۇرۇپ تۇرۇپ، ئەپسۇن ئوقۇپ، قىرائەت قىلىپ، تەگرىگە ئىلتىجا قىلغان ئىكەن، بىردىنلا يامغۇر يېغىپ، بىر نەچچە كۈن داۋاملاشقان ئىمىش.

بۇ گۈنكى كۈنگىچە يادىچىلىق سېھىرگەرلىكىنىڭ داۋاملىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر مەلۇمات بار:

گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزا ئىسمە سالاھ كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۇلۇغ تېكىن دەپ ئاتىلىدىغان تاغ باغرىدىكى مازار يېنىدا ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىرچە كېلىدىغان، شەكلى تۇخۇمغا ئوخشايدىغان سۈترەڭ بىر تاش بار. كىشىلەر بۇ تاشنى «يادا تاش» دەپ ئاتىشىدۇ، بۇ تاش توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان رىۋايەت ۋە قوشاقلار تارقالغان.

پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇرۇن ھەر يىلى ئەتىيازدا تاغدىن سۇ كەلمەي قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەندە، موكۇيلا، قارا تاغىز، كۆكتېرەك، گۇما بازىرى، پىشنا قاتارلىق يۇرتلاردىن نەچچە مىڭ كىشى ئىختىيارىي ھالدا ئىسمە سالاھتىكى بۇ يادا تاش ئەتراپىدىكى ئۆستەڭ بويىغا يىغىلىپ قارا ئات، بوتىلاقلىق ھىنگان، تايلىق بايتال، موزايلىق ئىنەك، قوزىلىق ساغلىق، چۆجىلىك تۇخۇلارنى ئېلىپ كېلىپ، دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ قان قىلىدىكەن ھەمدە يادىچى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇپ، ئاندىن بىر قولىدا يادا تاشقا، يەنە بىر يادا تاشنى سۆرەپ تۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك مۇناجاتنى ئوقۇيدىكەن:

ئەللاھۇممە ئەسقىنا،
تازغۇننى سەل باسقىنا.
گۇمدىن سۇ تاشقىنا،
قۇت نۇرىنى ساچقىنا.
بوۋىخاندىن ئەسسىنا.
مەن تەڭرىمدىن تىلەيمەن،
ئۇچۇپ كەلگىن بۇلۇتۇم.
قۇرئانىمدىن تىلەيمەن،
يۈگۈرۈپ كەلگىن بۇلۇتۇم.
ئىنجىلىمدىن تىلەيمەن،

سەكرەپ كەلگىن بۇلۇتۇم.
زەبۇرۇمەدىن تىلەيمەن،
گۈلدۈرلىگىن بۇلۇتۇم.
تەۋراتىمدىن تىلەيمەن،
كۆچكىن قارا بۇلۇتۇم.
ئۈچۈپ كەلگىن بۇلۇتۇم،
چۆچۈپ كەلگىن بۇلۇتۇم.
يەتتە ئىقلىم بۇلۇڭدىن،
سۇ ئېلىپ كەل بۇلۇتۇم.
توشۇپ كەتسۇن سۇلارغا،
ئېقىن دەريا كۆلۈڭۈم.
قاراقۇرۇمدىن چىقىپ كەل،
تاغ ـ داۋاننى ئېشىپ كەل.
مۆلچەرتاغنى يالاپ كەل،
ھىڭگاڭ تاغنى بويلاپ كەل.
بويناق چالنى چەنلەپ كەل،
جىن ـ شەيتاننى قوغلاپ كەل.
دەريا سۇدىن چىقىپ كەل،
قۇرام تاشنى يېرىپ كەل.
ئۇل مۇستەف ھۆرمىتىدىن،
بۇلۇتلىرىم كەلگەيسەن.
ساتۇغ بۇغرا ھۆرمىتىدىن،
مۆلدۈرلىرىم چۈشكەيسەن.
مەن غايىبتىن تىلەيمەن،
بۇلۇتلىرىم كەلگەيسەن.
ئۇلۇغلاردىن تىلەيمەن،
بۇلۇتلىرىم كەلگەيسەن.
شاماللارنى كەلتۈرۈپ،
بۇلۇتلارنى پۈرقىتىپ،
جىمى ئالەم ئوت بولسا،
بۇلۇتلىرىم سۇ بولۇپ،
ئېقىپ ـ ئېقىپ كەلگەيسەن [49] .

يادىچىلىق سېھرگەرلىكى پائالىيىتى جەريانىدا ئېيتىلىدىغان بۇ قوشاقنىڭ لوپنۇر ۋە قومۇل تەرەپلەردە تارقالغان يەنە مۇنداق بىر ۋارىيانتى بار:

«خۇدايىمدىن تىلەيمەن،
ئۈچۈپ كەلگىن بۇلۇتۇم.
پىرىمچاندىن تىلەيمەن،
يۈگۈرۈپ كەلگىن بۇلۇتۇم.
گۇمان تاپتىم ھاۋادىن،
يېتىپ كېلىڭ شامىلىم.
شامال كەلسە بۇلۇتلار،
گۈلدۈرلىگىن، گۈلدۈرلە.
كۆچكىن قارا بۇلۇتۇم،
گۈلدۈرلىگىن، گۈلدۈرلە.
تۆرتۈپ تۇمان بۇلۇتنى،
گۈلدۈرلىگىن، گۈلدۈرلە.
دەريا كۆلدىن سۇ ئېلىپ،
ئابۇسنى [50] سۇرۇپ ـ قوغلاپ،
تۆت يېنىدىن يىغىپ كەل.
بوۋىخاندىن ئەسسىنا،
ملىك بۇلۇتۇم يېتىپ كەل.
كۆچكىن قارا بۇلۇتلار،
ئۈچ، مېنىمۇ رازى قىل.
چوڭدۇر قارا بۇلۇتۇم،
دىل كارىدىن ـ ھاۋادىن.
ئاق بۇلۇتۇم تەشتادىن،
قارار تاپقان جايلاردىن،
دەريا سۇدىن چىقىپ كەل.
يەتتە غوجام ھەققىدە
قارا بۇلۇت مەن دېگەن،
ئەرۋاھلارنىڭ ھەققىدە،
بۇلۇتلارنى ياغدۇراي....

* * *

ئىنجىلدىن تىلەيمەن،
بۇلۇتلىرىم كەلگەيسەن.
زەبۇردىن تىلەيمەن،
بۇلۇتلىرىم كەلگەيسەن.
فۇرقاندىن تىلەيمەن،
بۇلۇتلىرىم كەلگەيسەن.
ئىنجىلى غايىبتىن تىلەيمەن،
بۇلۇتلىرىم كەلگەيسەن.
سەككىز بۇخارا ھەققى ـ ھۆرمىتىدىن
بۇلۇتلىرىم كەلگەيسەن.
ياپىر پىرىدىن تىلەيمەن،
بۇلۇتلىرىم كەلگەيسەن.
شاماللارنى كەلتۈرۈپ،
بۇلۇتلارنى پۈرقىتىپ،
جىمى ئالەم ئوت بولسا،
بۇلۇتلىرىم سۇ بولۇپ،
ئېقىپ ـ ئېقىپ كەلگەيسەن» [51] .

يۇقىرىقىدەك مۇناجات قوشاقلىرى ئوقۇلۇپ

بولغاندىن كېيىن «قۇرئان»دىكى بىر قىسىم ئايەتلەر ئوقۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئات بوغۇزلىنىپ، يادا تېشىغا قان تېمىتىلىدۇ. قۇربانلىق قىلىنغان ئاتنىڭ كاللىسى ئېقىن سۇغا سېلىنىپ، سۇ يىلنى ئاتنىڭ كاللىسىغا باغلىنىدۇ ھەمدە قوزا، ئوغلاقلار ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ، مەرىتىلىدۇ، موزايلار مۆرىتىلىدۇ، بوتىلاقلار بوزلىتىلىدۇ، تايلار كىشنىتىلىدۇ، بوۋاقلار يىغلىتىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىمام ـ ئاخۇنلار بىلەن يادىچىگەر بىرلىكتە: «ئەي، ئۇلۇغ ئىگىمىز، بىزنىڭ قىلغان گۇناھىمىزنى كەچۈرۈپ، بۇ تىلسىزلارنى ئۇتسىز، سۇتسىز، بىزنى نانسىز قويمىغايسەن!» دەپ دۇئا قىلىپ، ھەر بىر كىشى يەتتە تالدىن تاشقا دېمىدە قىلىپ سۇغا تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇ يىلنى كۆككە قاراپ ئېغىزىنى چاكىلدىتىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن يامغۇر ياغىدۇ، دەپ قارىلىدۇ52.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئىككى تۈركۈم يادىچىلىق قوشىقى ۋە مەزكۇر قوشاقلار ئېيتىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان يادىچىلىق سېھرىگەرلىكىگە دائىر ئەھۋاللاردىن قارىغاندا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر يادىچىلار بۇ خىل پائالىيەتكە كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۈچلۈك ئىسلام دىنى چۈشەنچىسىنى سىڭدۈرۈۋەتكەن، قوشاقتا تىلغا ئېلىنغان قۇرئان، زەبۇر، تەۋرات، ئىنجىل دېگەنلەر ئىسلام دىنى چۈشەنچىسىدىكى ئاللاھ نازىل قىلغان «مۇقەددەس تۆت كىتاب»نى، «مۇستەف»دېگىنى مۇستافا يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، ساتۇغ بۇغرا بولسا شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقاتقان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يادا ئەپسۇنىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوقۇش، بەزىدە ئىمام، موللاملار يادىچىلىق سېھرىگەرلىكىگە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىقلار بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ.

ھازىرقى زامان قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل شېۋىسىدە «يامغۇر» سۆزى «يادا»، «يادا ـ يېش» دېگەن سۆزلەر بىلەنمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇلار «يامغۇر ياغدى» دېگەننىڭ ئورنىغا «يادا ياغدى» دەپمۇ سۆزلەيدۇ. « يادا ياغسا بەرىكەت ياغار» دېگەن ئىدىيوم كەڭ قوللىنىلىدۇ (بۇ ئىدىيوم باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۆز ئىستېمالىدىمۇ بار).

قومۇلدا مۇنداق قوشاقلار بولغان:

ئاسمان ئارىلاپ ئاق بۇلۇت كەلدى،
تاغلار ئارىلاپ يادا سۈيى كەلدى.
ھۆگىلار 53 تۇتۇلۇپ قاپتۇ،
يادا ياغاي دەمدىكىن.
كۆكۈل دەگدەپ 54 تۇرۇپتۇ،
يارىم كېلەي دەمدىكىن 55 .

يۇقىرىدا ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدىكى يادىچىلىق سېھرىگەرلىكى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتتۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يادىچىلىق سېھرىگەرلىككە دائىر ماتېرىياللار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ يادىچىلىق سېھرىگەرلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆزگىرىش جەريانى ۋە سېلىشتۇرما قىلىش ئەھۋالىنى بىلىشتە پايدىسى بار ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ.

ئىزاھلار:

① فەن يى، سىمابياۋ: «كېيىنكى خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 131 ـ ، 132 ـ بەتلەر.

② بەنگۇ: «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 731 ـ ، 732 ـ بەتلەر.

③ جۇشۆيۇەن (ئامېرىكا): «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قوۋەملارنىڭ يىلتىزلىرى» جۇڭخۇا نەشرىياتى 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 106 ـ بەت.

④ بۇنىڭغا ئوخشاش خاتىرە لى يەنشۇ يازغان «شىمالىي خانلىقلار تارىخى. يۆبەنلەر تەزكىرىسى»دىمۇ ئۇچرايدۇ.

⑤جى داجۇن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشرى، 554 ـ ، 555 ـ بەتلەر، خەنزۇچە.

⑥ شۆزۇڭجىڭ: «ياغمىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە» «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

⑦ خاندا ئاكىرا (ياپونىيە): «يادا ئەپسۇنى ـ شامان دىنى ۋە ئىسلام دىنى»، «دۇنيادىكى دىنلار تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار» 1986 ـ يىللىق 3 ـ سان، خەنزۇچە، بېيجىڭ.

⑧ «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى»، خەنزۇچە 468 ـ بەت.

⑨ ئەلى مازاخېرى (فرانسىيە): «يىپەك يولى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ، 272 ـ بەت.

⑩ ليۇ ۋېشىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 131 ـ بەت، ئۈرۈمچى.

⑪ ۋ. مىنورىسكىي (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) «تەمىم ئىبن بەھرنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى 1 ـ سان، 96 ـ ، 98 ـ بەتلەر، ئۈرۈمچى.

⑫ بەي يۈەنگۇاڭ ( 白元光 ) تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى.

⑬ ج. ر. خامىلتون (فرانسىيە): «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىي ماتېرىياللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 5 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑭ نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان چاغاتاي يېزىقىدىكى قولىيازما. («ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى» 1984 ـ يىل 3 ـ سان، 47 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى).

⑮ئابلىمىت روزى «ياباقۇ قەبىلىسى ھەققىدە ئىزدىنىشلەر»،

«ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى» 1984 ـ يىلى 3 ـ سان، 47 ـ ، 48 ـ بەتلەرگە قارالسۇن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى.

(16) مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى، 3 ـ توم، 218 ـ بەت.

(17) مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 2 ـ توم، 519 ـ ، 520 ـ بەتلەر.

(18) مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى، 3 ـ توم 1 ـ ، 2 ـ بەتلەر.

(19) «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى»، تۈركىيىلىك رامىزان شەشەن نەشرگە تەييارلىغان، توختى ھاجى تىللا تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 64 ـ بەت.

(20) گېبرىئىل فىرراند ( Gaburul Firrand، فرانسىيىلىك) تۈزۈپ ئىزاھلىغان «ئەرەب، پارس، تۈركلەرنىڭ يىراق شەرققە دائىر ھۆججەتلىرىگە شەرھى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 1 ـ قىسىم، 233 ـ بەت.

(21) ئابدۇقادىر ئىنان (تۈركىيە): «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم»، 1972 ـ يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى 1979 ـ يىلى « 萨满教今昔 » دېگەن نام بىلەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇپ، پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە بېسىپ تارقاتقان، خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ 161 ـ بېتىگە قارالسۇن.

(22) مۇئەللىپىنىڭ بۇ كىتابى يوقىلىپ كەتكەن، پەقەت ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەر ئەلى ئىبنى جەففار 1022 ـ يىلى يازغان بىر ئەسىرىدە ساقلىنىپ قالغان.

(23) «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، 96 ـ ،97 ـ بەتلەر.

(24) جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئالاقە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 2 ـ قىسىم، 787 ـ بەت، خەنزۇچە جۇڭخۇا نەشرىياتى 2003 ـ يىلى.

(25) ئوۋياڭشۈەن (يۈەن دەۋرى) «قوچودىكى سىلىنگالىق جەمەتىنىڭ تەزكىرىسى».

(26) ياپونىيىلىك خانېدا ئاكىرانىڭ «يادا ئەپسۇنى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىنىڭ ئىزاھاتىدا بېرىلگەن بايانغا قارالسۇن، خەنزۇچە «دۇنيا دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 3 ـ سانىنىڭ 29 ـ بېتىگە قارالسۇن.

(27) خانېدا ئاكىرا: «يادا ئەپسۇنى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. بۇ ماقالىنىڭ ئۆمەرجان نۇرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(28) بۇ ھەقتە ليۇمېيسۇڭنىڭ «ئىككى تاڭنامە. خۇيخېلار تەزكىرىسى، خۇيخۇلار تەزكىرىسى (قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى)گە شەرھى» ناملىق كىتابىنىڭ 53 ـ بېتىگە قاراڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

(29) ۋامبىرى بۇداگوف 1869 ـ ، 1871 ـ يىللىرى تۈزگەن «تۈرك ـ تاتار تىلى لۇغىتى»، كوۋالىۋىسكىي 1844 ـ يىلى تۈزگەن «موڭغۇل تىلى لۇغىتى»، تىمكوۋىسكىي 1820 ـ ، 1821 ـ يىللىرى يازغان «بېيجىڭغا سەپەر» ناملىق ئەسەرلەردە چۈن يۈەنىنىڭ خاتىرىسى ماتېرىيال مەنبەسى قىلىنغان. بۇ ھەقتە ياپونىيىلىك خانېدا ئاكىرا مەنبەشۇناسلىق ساھەسى بويىچە سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرگەن. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «يادا ئەپسۇنى ھەققىدە...» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

(30) خانېدا ئاكىرا «يادا ئەپسۇنى ھەققىدە».

(31) مۇللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدىي» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشرى، 707 ـ بەت.

(32) گۇننار ياررىڭ: «شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنسانشۇناسلىققا دائىر دالا تەكشۈرۈشىدىن دوكلات»، بېرلىن، 1979 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى.

(33) شەبى خۇن ـ قانلىق كېچە، كېچىلىك ھۇجۇم.

(34) غەمماز ـ چېقىمچى.

(35) ياداچى ـ يامغۇر ياغقۇزىدىغان سېھىرچى.

(36) سۈيى ساما ـ ئاسمان تەرەپ.

(37) نىل گۇن ـ نىل رەڭ.

(38) تىرە تۈن ـ قاراڭغۇ كېچە.

(39) پەلىد ـ ئىپلاس.

(40) سامئى ـ ئاڭلىغۇچى.

(41) سۈيى شىمال ـ شىمال تەرەپ.

(42) ئۇدۇ ـ دۈشمەن.

(43) گۇ شىمال ـ ئەدىپىنى بەرمەك.

(44) رويى خاك ـ يۈزى توپا.

(45) سەۋتى ئازان ـ ئەزان ئاۋازى.

(46) بەئىدازان ـ ئاندىن كېيىن.

(47) موللا شاكىر : «زەپەرنامە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1980 ـ يىلى 2 ـ سان، 289 ـ ، 283 ـ ، 284 ـ ، 285 ـ ، 286 ـ بەتلەر.

(48) بۇ مەلۇماتنى گۇملىق مەخسۇت روزى دېگەن كىشى ئوغلى ياسىنغا دەپ بەرگەن. گۇننار ياررىڭ 1930 ـ يىللاردا ياسىننىڭ ئاغزاكى سۆزلەپ بېرىشى بىلەن خاتىرىلىۋالغان. بۇ بايانلار مەتتىمىن يۈسۈپ، بارىجان زەپەر قاتارلىقلار 1946 ـ ، 1948 ـ ، 1951 ـ يىللىرى لۇندتا نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئائىت ماتېرىياللار» ناملىق كىتابىدىن تاللاپ تۈزۈپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 304 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

(49) ئابدۇلئەھەت ئالىم: «يادا تاش قوشاقلىرى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى سانى.

(50) ئابۇس ـ قۇرغاقچىلىق تەڭرىسى ئاپوشنى كۆرستىدۇ دېيىلىدۇ.

(51) بۇ قوشاقنى لوپنۇر ناھىيە يېڭىسۇ يېزىسىدىكى 103 ياشلىق قاسىم ياۋا ئاكا 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈسۈپ ئىسھاققا ئېيتىپ بەرگەن.

(52) يۈسۈپ ئىسھاق: «ئۇيغۇرلاردىكى يامغۇر تىلەش ئادىتى توغرىسىدا»، «مىراس» ژورنىلى 2000 ـ يىل 2 ـ سان.

(53) ھۇگا ـ ھاۋا.

(54) دەگدەپ ـ تۈيۈپ تۇرماق دېگەن مەنىدە.

(55) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان، 134 ـ بەت.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا.

قالدىم؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ھېچنېمە يوقكەن، ــ دەپتۇ دوختۇر ئەستايىدىل قاراپ.

ــ ھېچنېمە يوقكەن، مېڭەمدە ھېچنېمە يوقمىكەن، مەسىلە بەك ئېغىر ئوخشىمامدۇ، ــ دەپتۇ بىمار قورققىنىدىن.

### يول سوراش

بىر كىشى يېزىغا بېرىپ كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق يەرنى تاپالماي، يول ياقىسىدا تۇرغان ياشانغان بىر ئادەمدىن سوراپتۇ. ئۇ كىشى ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ كىشى يەنە شۇ يېزىغا بېرىپ قاپتۇ. لېكىن كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق يەرنى يەنە تاپالماي قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۆتكەنكى يولنى كۆرسىتىپ قويغان ئادەم بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ھېلىقى كىشى ئالدىراپ ھېلىقى ئادەمدىن يول سوراپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم بۇ كىشىگە سىنچىلاپ قاراۋېتىپ، مۇنداق دەپتۇ:

ــ يىگىت، بىر ھەپتە بولدى، سىز تېخىچە كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق جاينى تاپالمىدىڭىزما؟







### گەپ تاپالماسلىق

بىر ئايالنىڭ ئېرى كۈن بويى كىتاب ئوقۇغاچقا، كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىشنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىكەن.

بىر كۈنى ئايالنىڭ بىر ساۋاقدىشى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلمەكچى بوپتۇ. ئايال ئېرىگە ساۋاقدىشى كەلسە قىزغىنراق بولۇشنى تاپىلاپتۇ.

ــ ساۋاقدىشىڭ بىلەن نېمە توغرىسىدا پاراڭلىشىمەن؟ــ دەپتۇ ئېرى.

ــ نېمە دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن، ئېرىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ، دېگەندەك...

ئايالنىڭ ساۋاقدىشى كەلگەندىن كېيىن، ئېرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭدىن:

ــ ئېرىڭىز نېمە خىزمەت قىلىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئايال كۈلۈمسىرەپ:

ــ مەن تېخى توي قىلمىدىم، ــ دەپتۇ. بۇ چاغدا ئەر خېلى ۋاقىتقىچە جىمىپ كېتىپتۇ ۋە:

ــ ئېرىڭىز كومپيۇتېرنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ. ئايالنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ ۋە:

ــ مەن تېخى توي قىلمىدىم،ــ دەپتۇ، بۇ چاغدا ئەر بېشىنى تاتىلاپ:

ــ ھە راست، توي قىلمىدىم دېدىڭىز ـ ھە! ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئېرىڭىز تېخىچە بويتاقكەن ـ دە،ــ دەپتۇ.

### مەسىلە ئېغىر

بىر كىشى مېڭىسىنى X نۇرىدا تەكشۈرۈتۈپتۇ ۋە ئالدىراپ دوختۇردىن:

ــ مېڭەمدە نېمە باركەن، مەن بەك ئەنسىرەپ

بالا زۇكام بولۇپ قاپتۇ



### چوڭ نومۇرلۇقى كېرەك

بىر خانىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يېتىپ كەپتۇ. ئېرى ئۇنىڭدىن:—نېمە سوۋغات ئېلىپ بېرەي؟—دەپ سوراپتىكەن، خانىم:

—ئەگەر كىيىم ئالماقچى بولسىڭىز، كىچىك نومۇرنى ئېلىڭ، ئەگەر ئالماس ئالماقچى بولسىڭىز چوڭ نومۇرنى،— دەپتۇ.

### ئۇقۇشماسلىق

بىر بالا بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن مېڭىپتىكەن، سىڭلىسىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپتۇ.

كەچتە بالا ناھايىتى تېرىكىپ ئۆيگە كەپتۇ ۋە ئاپىسى، دادىسىغا:

بۇنىڭدىن كېيىن سىڭلىمنى ھەرگىز ئاپارمايمەن، بىر تالمۇ بېلىق تۇتالمىدىم،—دەپتۇ.

—سىڭلىڭ بۇنىڭدىن كېيىن جىمجىت ئولتۇرسۇن، ھەرگىز بېلىقلىرىڭنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتمىسۇن،—دەپتۇ ئاپىسى.

—ياق، ئۇ بېلىقلارنى قورقۇتۇۋەتمىدى،—دەپتۇ بالا تېخىمۇ تېرىكىپ،—بەلكى يەمچۈكنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتتى!

### پۇل قاپچۇقى ۋە خانىم

ساياھەت پەسلىدە، پارىژ تۆمۈر يول بېكىتى قىستاڭ بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بىرەيلەن قاتتىق ۋارقىراپتۇ:

—ئاپلا، پۇل قاپچۇقۇم يوق تۇرىدۇ.

—ئەپەندىم،— دەپتۇ يېنىدىكى بىر كىشى،— پارىژدا ئىككى نەرسە بولىدۇ: بىرى، پۇل قاپچۇقى؛ يەنە بىرى، خانىمى. شۈكۈر قىلىڭ، ھېلىمۇ تەلىيىڭىز بارئىكەن، قاراڭ خانىمىڭىز يېنىڭىزدا تۇرامدۇ!

### مالنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈش

پۇلنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان بىر ئادەم بار ئەكەن. بىر كۈنى ئۇ يېڭى ئالغان ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، بىر ماشىنىغا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ساقچى يېتىپ كەپتۇ. باي ئىنتايىن قايغۇرغان ھالدا:

—ساقچى ئەپەندى، شۇنداق ئېسىل ماشىنا نېمە بولۇپ قالدى — ھە!— دەپتۇ.

—سىز پەقەت پۇلنىلا ئويلامسىز؟ قاراڭ، ئوڭ بىلەكىڭىز ئۈزۈلۈپ كېتىپتىغۇ، ئاغرىقنى سەزمىدىڭىزمۇ؟

باي بۇ چاغدا بىر بىلىكىنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپتۇ ۋە تېخىمۇ قايغۇرغان ھالدا:

—ۋايىيەي، مېنىڭ «XX» ماركىلىق سائىتىم يوق تۇرىدۇ!— دەپ ۋارقىراپتۇ.

### ئازدۇرۇش

ئەنگلىيىلىك بىر مۆتىۋەر بىلەن فرانسىيىلىك بىر قىز بىر لوژىدا بولۇپ قاپتۇ. قىز يىگىتنى ئۆزىگە تارتىش مەقسىتىدە كىيىملىرىنى سېلىپ يېتىپتۇ ۋە ناھايىتى مۇزلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت دەرھال يوتقىنىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. لېكىن قىز يەنىلا مۇزلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

—مەن قانداق ياردەم قىلسام بولار؟— دەپتۇ يىگىت كۆيۈنگەن ھالدا.

—كىچىكىمدە ئاپام مېنى باغرىغا بېسىپ ئىسسىتىپ قوياتتى،— دەپتۇ قىز. بۇ چاغدا يىگىت:

—قىزچاق، شۇنداق ياردەم بەرگۈم بار ئىدى. بىراق، ھازىر پويىزدىن سەكرەپ ئاپىڭىزنى تېپىپ بېرەلمەيمەندە!— دەپتۇ.

**شۆھرەت تەلئەت** تەرجىمىسى (شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتىدە).





پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى





# مەھمۇد چايلىرى







مەھمۇد چايلىرى دۇبەي ئالتۇن كايا گۇرۇھى سىرىلانكىدىن چاي خام ماتېرىياللىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئۇنى زامانىۋى ئىلغار پەن-تېخنىكا ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەپ، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە سۇنغان ئېسىل سوۋغىسىدۇر. مەزكۇر چاي ھازىر 70 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندا سېتىلماقتا.

25 يىللىق تارىخقا ئىگە مەھمۇد چايلىرى خۇشپۇراق ھەم ئۆزگىچە ئېسىل تەمى بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ سابا خەلقئارالىق سودا چەكلىك شىركىتى مەھمۇد چايلىرىنىڭ جۇڭگودىكى باش ۋەكالەتچىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ چاينى ئىستېمال قىلىش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. مەھمۇد چايلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مېۋە تەملىك چايلاردىن- ئالما، ئابلېمىسىن، شاپتۇل، گىلاس، قارىقات، بۆلجۈرگەن، ئۈزۈم تەملىكلىرى؛ ئىسسىقلىق دورىلىق چايلاردىن-لاچىندانە، كېنەز چايلىرى يەنە ئەتكەن چايغا باب كېلىدىغان-قىزىل چاي قاتارلىقلار بار. مەھمۇد چايلىرى تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق بولغان ماددىلار بولۇپ، ۋىتامىننى تولۇقلاش، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەم مەھمۇد چايلىرى ئېسىل سوۋغات بولۇپلا قالماي يەنە سەپەردە ئىستېمال قىلىشقىمۇ قولايلىق. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدە ۋەكالەتەن سېتىش ئورۇنلىرى بار. سىزنىڭ تاللاپ سېتىۋېلىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.



**شىنجاڭ سابا خەلقئارالىق سودا چەكلىك شىركىتى**

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شىنخۇا شىمالىي يولى 108 - نومۇر قىزىلتاغ يېڭى ئەسىر بىناسى 34 - قەۋەت تېلېفون 0991 8888837